# گراژدانلرىمىزنىڭ
# ئاساسىي ھوقوقلرى ۋە ۋەزىپىلرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىن

www.uyghurkitap.com

# گراژدانلرىمزنىڭ ئاساسى هوقۇقلرى ۋە ۋەزىپلرى

مىللەتلەر نەشرياتى

بېجىن ـ 1956

## قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتاپ دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيەسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە دولىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كونكرېت ئەھۋاللارغا ئاساسەن گراژدانلىرىمىزنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى ھەم ۋەزىپىلىرىنى قىسقىچە ۋە كونكرېت چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك گراژدانلىرىمىز ئىگە بولغان كەڭرى ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرنى كاپىتالىستىك ئەللەردە، كونا جۇڭگودا خەلققە ھېچقانداق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك بولمىغان ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بىزگە دولىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىك خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەن تونۇتۇدۇ. بۇ كىتاپتىن دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيەسىنى تېخىمۇ ئاسان ئۇگۇنۇشتە پايدىلىنىش مۇمكىن.

---

بۇ كىتاپ ئاممىباپ كىتاپلار نەشرىياتى تەرىپىدىن
1955 ـ ژىلى ئاپرېلدا نەشر قىلىنغان بىرىنچى
نەشرى بىرىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى

本書根據通俗讀物出版社1955年4月第一版第一次印刷本譯出

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



## رېداكسىيىدىن:

جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ كونستىتۇتسىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ــ ھەقىقى خەلق قانۇنى. ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلاپ مېۋىلىرىنى قانۇن شەكلىدە مۇستەھكەملەپ، دۆلىتىمىز ئۇرۇلغاندىن بۇيان سىياسى ۋە ئىختىسادىي جەھەتلەردىن قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى ئۇتۇقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇش يولىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە گراژدانلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى ۋە ۋەزىپىلىرىنىمۇ بەلگىلىدى.

جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى كونستىتۇتسىيىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىدە بەلگىلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلىنىشلىرى، گراژدانلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى ھەم ۋەزىپىلىرىنى تولۇق چۈشۈنۈشلىرى، شۇنىڭ بىلەن قانۇنغا رايە قىلىشتا يۈكسەك روھنى تىكلەشلىرى زۆرۈر، شۇنىڭدىلا ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولۇدۇ.

بۇكىتابنى تۈزۈشتە ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدىكى گراژدانلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى ۋە ۋەزىپىلىرىگە دائىر بەلگىلىمىلەردىن دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دې-

موكراتىنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئامىدان چۈشۈنۈشلىرىگە، جۇڭ-
خۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ گراژدىنى بولۇشىنىڭ شەرىپىنى
ۋە ھەر بىر گراژداننىڭ دولەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ
جىددىلىگىنى چۈشۈنۈشلىرىگە، شۇنىڭ بىلەن قولغا كەلتۈرگەن
دېموكراتىك ھوقۇقلىرىمىزدىن تېخىمۇ ئامىدان پايدىلىنىپ، ئادا
قىلىشقا تېگىشلىك شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشقا،
دولەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىششلىرى ۋە قوغداشلىرىغا ھەمدە دو-
لەتنىڭ سوتسىالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىۋلىق بىلەن تى-
رىشىپ ئۆزلىرىنىڭ بارلىق كۈچلىرىنى تەقدىم قىلىشلىرىغا يار-
دەم بېرىشنى مەخسەت قىلدۇق.

بۇكىتاپنى تۈزۈپ چىقىش جەرياىندا جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېر-
سىتېتى قانۇن فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ياڭ خۇانەن چوڭ
كۈچ بىلەن ياردەم قىلدى، ماقالىنىڭ كوپىيىسىنى ئىككى قېتىم
تەكشۈرۈپ چىققى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇيەردە ئالايىتە تەشەك-
كۈر بايان قىلىمىز.

ئاممىباپ كىتاپلار نەشرىياتى. 1955 - ژىل ئاپرېل.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## مۇندەرىجە

سوز بېشى ........ 7

بىرىنچى باپ. گراژدانلىرىمىزنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى ...... 15

I گراژدانلار قانۇندا باپ ـ باراۋەر ...... 15

II گراژدانلارنىڭ سىياسى ھوقۇقلىرى ۋە ئەركىنلىكلىرى ...... 31

III گراژدانلارنىڭ جىسمانى ئەركىنلىگىگە دەخىل قىلىنمايدۇ ... 51

IV گراژدانلارنىڭ دىنى ئېتىقات ئەركىنلىگى ...... 57

V گراژدانلارنىڭ ئىختىسادىي ھوقۇقلىرى ...... 64

VI گراژدانلارنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ھوقۇقلىرى ...... 88

VII دولەت چەتئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەققانى ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ ...... 95

VIII باش پانا ھوقۇقى ...... 102

ئىككىنچى باپ. گراژدانلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىلىرى ...... 105

I كونستىتۇتسىيىگە ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش، ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش، جامائەت تەرتىۋىگە رىئايە قىلىش، ئىجتىمائى ئەخلاقنى ھۆرمەت قىلىش ...... 105

II جامائەت مۈلۈكلىرىنى ئاسراش ۋە قوغداش ...... 118

III قانۇن بويىچە باج تۆلەش ...... 122

IV ۋەتەننى قوغداش ۋە قانۇنغا بىنائەن ھەربى خىزمەت ئۆتەش ... 127

# سوز بېشى

1954 ــ ژىل سېنــتەبردە، بىرىنچى نوۋەتــلىك پۈتۈن مەمــ
لىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى سېسسىيىسى بېجىندە ئېــ
چىلىپ، تەنتەنىلىك سـورەتتە جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىــ
نىڭ كونستىتۇتسىيىسىنى قوبۇللىدى ۋە ئېلان قىلدى، بۇ جۇڭگو
خەلقىنىڭ سىياسى تۇرمۇشىدىكى ئۇلۇق بىرۋەقەدۇر. كونسـ
تىتۇتسىيىدە جۇڭخۇا خەلـق رېسپۇبلىكىسىنىڭ گـراژدانى
دېگەن بۇ شەرەپلىك نام بەلگىلەندى، شۇنىڭدەك، گراژدانـ
لىرىمىزنىڭ ئاساسى هوقۇقلىرى ۋە ۋەزىپىلـىرى ئوچۇق بەلـ
گىلەندى. بۇ، خەلقىمىزنىڭ دولەتتـە تۇتقان ئورنىنىڭ تۈپـ
تىن ئۆزگەرگەنلىگىنى، يۈز نەچچە ژىللاردىن بۇيان كونا جەمـ
ئىيەتتە ساخلىنىپ كەلگەن زۇلۇمـغا دۇچار بولۇش، قۇللۇقـقا
چۈشۈش ئورنىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ، ھەقىقـەتەنمۇ دولەتـنىڭ
ئىگىلىرىگە ئايلانغانلىغىنى كورسۇتىدۇ.

دولتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسى سوتسىيالىستىك تىپتىكى كونسـ
تىتۇتسىيە بولۇپ، بۇ كاپىتالىستىك تىپتىكى كونستىتۇتسىيىدىن
مىسلىسىز ئەۋزەل. كاپىتالىستىك دولەتلەرنىڭ كونستىتۇتسىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كوپچۇلۇك خەلققە ھېچقانداق سىياسى، ئىختىسادىي ھوقۇق ۋە دېموكراتىك ئەركىنلىك بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ مەخسىدى ئازسانلىقى كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىش، كوپچۇلۇك ئەمگەكچى خەلقنى كاپىتالىستلارنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپلۇئاتاتسىيىسىگە تۇتۇپ بېرىپ، ھايۋانغا ژۇكلىگەندەك ھەددىدىن زىيادە ئېغىر ۋە زىيىلەرنى ژۇكلەشتىن ئىبارەتتۇر. دولتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىنىڭ مەخسىدى، بىرتەرەپتىن خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەش بولسا، يەنە بىرتەرەپتىن، مەملىكىتىمىزدە ئېكسپلۇئاتاتسىيە ۋە كەمبەغەللىك يوقالغان، ئاۋات ۋە بەخت ـ سائادەتلىك سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا كاپالەت بېرىدۇر. شۇڭلاشقا دولتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە كوپچۇلۇك خەلقنىڭ كوز ئالدىدىكى مەنپەئىتى بىلەن ئۇزاق كەلگۇسىدىكى مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان كونستىتۇتسىيىدۇر. بۇ كونستىتۇتسىيە گراۋدانلارنى كەڭرى ھوقۇقلار ۋە ئەركىنلىكلەر بىلەن تەمىن قىلىدۇ، گراۋدانلارنىڭ سىياسى ۋە ئىجتىمائى ھاياتقا قاتنىشىپ، ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ ياخشىلاپ قۇرۇپ چىقىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

دولتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسى بويىچە گراۋدانلار قانداق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرگە ئىگە؟ دولتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە بىرىنچىدىن دولتىمىزنىڭ گراۋدانلىرى قانۇندا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



باپ-باراۋەر دەپ بەلگىلەنگەن. مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، مۈلۈكدار ياكى مۈلۈكسىز بولسۇن، مەيلى مەدەنىيەت دەرىجىسى ئېگىز-پەس بولسۇن ... گراۋدانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش قارىلىدۇ، ھەممىيلەن باپ-باراۋەر.

ئىككىنچىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە گراۋدانلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقلىرى ۋە ئەركىنلىكلىرى بەلگىلەنگەن. ئۇلار: تەڭلىك، ئۇمۇمىي سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقلىرى؛ سۆز، مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، كوچىلاردا مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ۋە نامايىش قىلىش ئەركىنلىكلىرى ھەمدە ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان-ئۆز ۋەزىپىسىگە ئېتىۋارسىز قارىغان، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىنى ئەرز قىلىش ھوقۇقى، بۇ ھوقۇقلار خەلقىمىزنى دۆلەتنى ئامدان باشقۇرۇش ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىن نازارەت يۈرگۈزۈش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە گراۋدانلارنىڭ جىسمانى ئەركىنلىكىگە دەخلى قىلىنمايدۇ؛ خەلق سوتىنىڭ قارارى ياكى خەلق پروكۇراتۇرىسىنىڭ تەستىقىسىز ھېچبىر گراۋدان قولغا ئېلىنمايدۇ. گراۋدانلارنىڭ تۇراق جايلىرىغا دەخلى قىلىنمايدۇ، خەت-ئالاقە مەخپىيلىكى قانۇن بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. گراۋدانلار تۇرۇش ۋە كۆچۈش

ئەركىنلىكىگە ئىگە دەپ بەلگىلەنگەن.

توتىنچىدىن، كونستىتۇتسىيىدە گىراژدانلارنىڭ ئىختىسادىي ـ مەدىنىي جەھەتلەردە تۈرلۈك ھوقۇقلىرى ۋە ئەركىنلىكلىرى بەلگىلەنگەن. ئۇ بولسىمۇ گىراژدانلار ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئەمگەكچىلەر دەم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئەمگەكچىلەر قېرىغاندا، كېسەل بولغاندا ياكى ئەمگەك ئىختىداردىن قالغاندا ماددىي ياردەم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە، گىراژدانلار بىلىم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجاتچانلىقى ۋە باشقا مەدىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

بۇلارنىڭ سىرتىدا دۆلىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە يەنە گىراژدانلار دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىگە ئىگە دەپ بەلگىلەنگەن ۋە باشقىلار.

مانا بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولۇدىكى، دۆلىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە بەلگىلەنگەن گىراژدانلارنىڭ ھوقۇق ۋەئەركىنلىكلىرى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، ئۇ، سىياسىي، ئىختىسادىي مەدىنىي ۋەئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، يەنە دۆلىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە بۇ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەر يەنەتۈرلۈك ماددىي كاپالەتلەر بىلەن تەمىن قىلىنغان. شۇنىڭدەك بۇ ھوقۇق ۋەئەركىنلىكلەر دۆلەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن تەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

پەيدىن - پەي كېڭىيىدۇ دەپ كورسۇتۇلگەن.

گراژدانلىرىمىزنىڭ بۇ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلىرى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈلدى؟ رەئىس ماۋزېدۇڭ بىزگە: «ئەركىنلىكنى خەلق كۈرەش بىلەن قولغا كەلتۈرۈدۇ. ھېچكىم ئىنئام قىلىپ بەرمەيدۇ» دەيدۇ①. دېمەك بىزنىڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلىرىمىز ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس، يەردىن ئۈنۈپ چىققانمۇ ئەمەس، قانداقتۇر بىرەر ئادەم تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغانمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈز نەچچە ژىل كۈرەش قىلىشى، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قۇربان بولۇشى، كوپلىگەن قانلارنىڭ توكۇلۇشى ئارقىسىدا، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچىلىگىدە، كونا جۇڭگو رىياكسىون ھوكۇمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەندۇر. بىز ھەممىمىز بۇ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرنى كەلتۈرۈشنىڭ ئاسانغا چۈشمىگەنلىگىنى بىلگەن ئىكەنمىز، ئۇلارنى ناھايىتى قەدىرلىشىمىز، تۈرلۈك چارىلار بىلەن مۇستەھكەملىشىمىز ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ كېڭەيتىشىمىز ھەمدە تېخىمۇ تەكامۇللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلىرىمىزنى قانداق قىلىپ مۇستەھكەملەيمىز ۋە كېڭەيتىمىز؟ بۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى مۇستەھكەملىشىمىز، دېمەك،

①ماۋزېدۇڭ: «بىرلەشمە ھوكۇمەت ھەققىدە» 1950 - ژىل مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە 142 - بەت.

مەملىكــتىمىزنى بالدۇرراق سوتسىيالىستىك مەمــلىكەت قىلىپ
قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. ئەگەر دولەت تۈزۈمىمىز ۋە
ئىجتىمائى تۈزۈمىمىز مۇستەھكەملەنسە، سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرىمىز كۈندىن-كۈنگە تەرەققى قىلسا، گراژدانلىرى-
مىز بەھرى ئالىدىغان تۈرلۈك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرمۇ كۈن-
دىن-كۈنگە كېڭىيىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن گراژدانلىرىمىز تۈر-
لۈك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەردىن بەھرى ئېلىش بىلەن بىرۋاقىت-
تا، گراژدانلارنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرىنىمۇ
زىممىلىرىگە ئېلىشلىرى شەرت. بۇ ھوقۇقلار كونستىتۇتسىيىدە
بەلگىلەنگەن: كونستىتۇتسىيە ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش،
ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش، جامات تەرتىپلىرىگە رىئايە قى-
لىش ۋە ئىجتىمائى ئەخلاققا ھورمەت قىلىش؛ جامائەت مۈلۈك-
لىرىنى ئاسراش ۋە قوغداش؛ قانۇن بويىچە باج تولەش؛
ۋەتەنىنى قوغداش، قانۇن بويىچە ئەسكىرىي خىزمەت ئوتەش-
لەردىن ئىبارەت. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى گراژدانلار بۇ
ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلسا، مەملىكىتىمىز-
نىڭ خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ دىكتاتۇرىسى تۈزۈمى تېخىمۇ
مۇستەھكەملىنىدۇ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى تېز
بولىدۇ. دولەت قانچىلىك ئاۋات، باي ۋە كۈچلۈك بولغانسىرى،
گراژدانلارنىڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلىرى تېخىمۇ كۈچلۈك
كاپالەتلەرگە ۋە تېخىمۇ كېڭەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بىز نىڭ مەملىكىتىمىز دە خەلق دولەتنىڭ ئىگىلىرىدۇر. دولەتـ
نىڭ مەنپەتى دىمەك خەلقنىڭ مەنپەتىدۇر، شۇڭلاشقا گىراژ-
دانلارنىڭ ھوقۇقلىرى بىلەن ۋەزىپىلىرى تامامەن بىردەك-
دۇر. كونستىتۇتسىيىدە بەلگىلەنگەن ھوقۇقلاردىن ھەر بىر-
گراژدان بەھرى ئالالايدىكەن، ئۇنداق بولسا، ۋەزىپىلەرنى
ئىجرا قىلىشىمۇ ھەر بىرگراژدان ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرۇ-
چى دەپ بىلىش كېرەك، مەملىكىتىمىزدە دولەت بىلەن خەلقـ
نىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق؛ ئۇ بىرخىل يېڭى مۇناسىـ
ۋەت. يەنى دولەت خەلقنى سويۇدۇ، خەلق دولەتنى سويۇ-
دۇ، دولەت خەلقنى ھىمايە قىلىدۇ، خەلق دولەتنى قوغدايدۇ.
خەلقنىڭ دولەتنى سويۇشى ۋە قوغدىشى - ئۆزىنىڭ مەنپەتى
ۋە يىراق ئىستىقبالىنى قىزغىن سويۇشى ۋە قوغدىشىدىن؛ خەلـ
قىنىڭ جامائەت مۇلۇكلىرىنى ئاسرىشى ۋە قوغدىشى - ئۆز مال -
مۇلكىنى ئاسراش ۋە قوغدىشدىن؛ خەلقنىڭ دولەت قانۇنلىرىغا ۋە
جامائەت تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلىشى - ئۆزىنىڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنـ
لىكىنى ھىمايە قىلغانلىقىدىن؛ خەلقنىڭ ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە
قىلىشى ۋە ئاكتىۋلىق بىلەن ئەمگەك قىلىشىنىڭ ئۆزىگە ۋە دولەتكە
بەخت - سائادەت ھەم بايلىق يارىتىشىدىن ئىبارەت. ئۇمۇمەن
قىلىپ ئېيتقاندا، ھوقۇقلار بىلەن ۋەزىپىلەر بىر - بىرسى بىلەن
باغلىنىشلىقدۇر. دولەتنىڭ گۈللىنىشى، بېيىش ۋە كۈچىيىشى
ئۈچۈن، ھەربىر گراژدان ئۆز كۈچىنى چىقىرىشى لازىم. دىمەك

ھوقۇقلاردىن بەھرى ئېلىش ئۈچۈن ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش شەرت.

دۆلىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ بارلىق كاپىتالىستىك ئەللەردە ۋە كونا جۇڭگودا ئەمگەكچى خەلق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەردىن قانداق قىلىپ مەھرۇم قىلىنغان؟ بىز بۇلارنى تۆۋەندە بىر ـ بىرلەپ تەپسىلى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

# برنچى باپ

# گراژدانلرمزنڭ ئاساسي ھوقۇقلرى

## I

## گراژدانلار قانۇندا باپ ـ باراۋەر

دولتمزنڭ كونستتۇتسيىسى ھەقىقەتەن خەلق كونستتۇتسيىسى بولۇپ، ئۇ خەلقمزنڭ مەنپەتلرى ۋە ئرادلرنڭ مەركەزلەشكەن ئپادسدۇر. دولتمزنڭ كونستتۇتسيسنڭ «گراژدانلارنڭ ئاساسي ھوقۇقلرى ۋە ۋەزپلرى» دىگەن بابدا ئەڭ ئاۋال «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلكسنڭ گراژدانلرى قانۇندا باپ ـ باراۋەردۇر» دەپ بەلگلەندى.

گراژدانلار قانۇندا باپ ـ باراۋەر. دىمەك، گراژدانلار ملتگە، ئېرقغا، جنسگە، كەسپگە، ئجتمائى چقشغا، دنني ئېتقادغا، بلم دەرجسگە، مال ـ مۈلكگە ۋە ئولتۇراقلق مۇددتگە قارماستن، كونستتۇتسيە ۋە قانۇننڭ بەلگلمسى بويچە باراۋەرلك ھوقۇققا ئگە؛ ۋەزپلەرنڭ ھەممسنى ئوخشاش ئوز ئۈستگە ئالدۇ، گراژدانلارنڭ بۇ ھو-

قۇقلىرىنى ھېچكىم چەكلىيالمايدۇ. ھېچكىم ئىمتىيازغا ئىگە ئەمەس.

كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدىمۇ «قانۇن ئالدىدا ھەر بىر ئادەم باراۋەر» دەپ يالغاندىن چىرايلىق يېزىپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ، ئاددەملەرنى ساختا قىلىدىغان قۇرۇق گەپتىن ئىبارەت. كاپىتالىستىك ئەللەردە دولەت ھاكىمىيىتىنى بۇرژۇئازىيە ئىگىلەپ ئالغان، ئۇلارنىڭ پۇلى ۋە كۈچى بار، ئۇلار ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى دەھشەتلىك رەۋىشتە ئېزىدۇ ۋە ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلىدۇ. ئەمگەكچىلەر مەھكۇم سىنىپ بولۇپ، پۇلى ۋە كۈچى يوق، ئۇلار زۇلۇم ۋە ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلىنىش ئورنىدا تۇرۇدۇ، مەجبۇرى يوسۇندا بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ بېرىلگەن تۇرلۇك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلايدۇ، تۇرمۇشتا قىلچىلىك كاپالەتكە ئىگە ئەمەس، بەھرى ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ھوقۇقلاردىن بەھرى ئالالمايدۇ، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن «قانۇن ئالدىدا ھەر بىر ئادەم ھوقۇقتا باراۋەر» دېگىلى بولامدۇ؟ شۇنىڭ ئۇچۇن يولداش ستالىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇلار (بۇرژۇئازىيە — رېد) ھەممە گراژدانلار تەڭ دېيىشىدۇ، لېكىن بايلىق خوجايىنلار بىلەن پومېشچىكلار قولىدا بولۇپ، جەمئىيەتتە ئۇلارنىڭ سىياسى تەسىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن ۋە ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار بولسا ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار بولغانلىقتىن، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھالدا خوجايىنلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدا، پومېشچىكلار بىلەن دىخانلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقى تەڭلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىگىنى ئىسىدىن چىقىرىپ قويۇشۇدۇ.» («لېنىنىزم مەسىلىلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 1955 ـ ژىل تاشكەنت 781 ـ بەت).

كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ ئەكسىنچە، دولەتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسى، گراژدانلار قانۇن ئالدىدا باپ ـ باراۋەردۇر، دەپ بەلگىلىدى.

## (1) مىللى باراۋەرلىك

دولەتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە: «ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باپ ـ باراۋەر. ھەرقانداق مىللەتنى كەمسىتىش ۋە ئېزىش مەنى قىلىنىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇزۇدىغان ھەرىكەتلەر مەنى قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مەملىكىتىمىزدە ھەممە مىللەت خەلقلىرىنىڭ بارلىغى دولەتنىڭ ئىگىسىدۇر. ھوكۇمران مىللەت مەھكۇم مىللەت دىگەن ئايرىماتۇپتىن يوق قىلىنغاندۇر.

مىللى باراۋەرسىزلىك پىرىنسىپى، كونا جۇڭگو بىلەن كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ مىللى سىياسىتىنىڭ ئاساسىدۇر. كونا جۇڭگو بىلەن كاپىتالىستىك ئەللەردىكى رىياكسىئون ھوكۇمرانلار ئادەم ئالدايدىغان ھەرخىل رەڭدىكى يالغان سۆزلەر بىلەن ئۆز مىللىتىنى ئەزەلدىن ئېسىل يارىتىلغان، باشقا مىللەتلەرگە

هوكۇمرانلىق قىلىشى لازىم، باشقا مىللەتلەر ئەزەلدىن پەس
يارىتىلغان، ئۇلار مەھكۇم بولۇشى لازىم دەيدۇ. كونا جۇڭگودا
جاڭ كەيشى گومىندىڭىنىڭ رىياكسون هوكۇمرانلىغى دەۋرىدە
مەملىكىتىمىزدىكى هەممە ئازسانلىق مىللەتلەر بولۇپمۇ ئاز سانـ
لىق مىللەتلەرنىڭ ئەمگەكچى خەلقلىرى سىياسى هوقۇقىدىنلا مەھـ
رۇم بولۇپ قالماستىن، هەتتا هايات هوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىـ
لىنغان ئىدى. جاڭكەيشى گومىندىڭى هەر يەردە چوڭ خەنـ
سۇچىلىقنى تەرغىپ قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى
بۇزاتتى، هەممە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىپ، ئۇلارنىڭ
دىنى ئىشەنچىسىگە ۋە ئورپ ـ ئادەتلىرىگە ئېتىۋار بەرمەيتتى،
ئەسكەر ئېلىش، ئاشلىق ئېلىش، باج ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇلـ
لار بىلەن ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنى ئولۇم يولىغا ئېلىپ
باراتتى، هەتتا بىۋاستە هەربى كۈچلەرنى ئىشلىتىپ ئازسانـ
لىق مىللەت خەلقلىرىنى قىراتتى. مانا شۇنداق قاراڭغۇ زۇلمەت
ژىللاردا نۇرغۇنلىغان ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرى مەجبۇرىيەت
ئاستىدا چوڭقۇر تاغلارغا كىرىپ يوشۇرۇنۇپ ئېلىپ، هايۋانلارـ
دىنمۇ بەتتەر ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرەتتى. هەريەرلەردە ۋە
تارقاق ياشايدىغان ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ
مىللى تەركىپلىرىنى ئېيتالمايتتى، ئۆزمىللىتىنىڭ ئۆزۆن ژىلـ
لاردىن بېرى مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئورپ ـ ئادەتلىرىنى
دەرت ـ ئەلەملىك هالدا ئۆزگەرتتى، ئۆزمىللىتىنىڭ تىل ـ يېـ

www.uyghurkitap.com

زىغىنى ئىشلىتىشكە، شۇنىڭدەك ئۆز مىللىتىنىڭ كىيىملىرىنى كىيـ
يىشكە ھەم يېتىنالمايتتى. بارلىق ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرى
ھەر يەرلەردە مۇشۇنـداق كەمسىتىلـگەنلىكـتىن، تۇرمۇشلىـرى
بەكمۇ قىيىنچىلىقتا بولۇپ، قانۇنىي باراۋەرلىكـتىن زادى سـۆز
ئاچالمايتتى.

جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىـسى قۇرۇلۇپ، ئەھۋال تۈپتىن
ئۆزگەردى، مىللەتلەرنى كەمسىتىش ۋە ئېزىش دەۋرى ئەمدى
ئەبەدىي تۈگۈتۈلدى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن
كېيىن، ئۇمۇمىي پروگراممىدا بەلگىلەنگەن ھەممە مىللەتلەر ھو-
قۇقتا باپ - باراۋەر دېگەن مىللىي سىياسەتنى تولۇق ئىجرا قىلـ
دى. بىر نەچچە ژىلدىن بېرى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىلـ
لەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىـك ئۆزگـەردى.
ھەممە ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرى خەنسۇ مىللەتـلىرىگە ئوخـ
شاش دۆلەتنىڭ خوجىسى بولدى، قانۇندىمۇ باپ - باراۋەر بولـ
دى، دۆلەتنىڭ ئالاھىدە غەمخورلىقى ۋە ئېتىۋار بېرىشى ئار-
قىسىدا، ھەممە ئازسانلىق مىللەتلەر سىياسەتتـە، ئىختىـساتتا،
مەدەنىيەتتە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەرتەرەپتىن جىددىي ئۆز-
گەردى ۋە ئالغا باستى. شۇنىـڭ ئۈچۈن، مەملىكىتىمىز ھەممـە
مىللەتلەرنىڭ دوستانە، ئىتتىپاق چوڭ بىر ئائىلىسىگە ئايلاندى.
گراژدانلارنىڭ قانۇندا باپ - باراۋەرلىكى دۆلىتىمىزنىـڭ
مىللىي سىياسىتىنىڭ ئاساسىدۇر. دېمـەك ھەممە مىللەتلەر ھەمـ

لىكەتتە ئورۇن تەرەپتىن باراۋەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، ھەممە مىللەت گراژدانلىرى بىلەن گراژدانلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ باراۋەر بولۇپ، ھەممە ئوخشاش دەرىجىدىكى ھوقۇقتا ئىگە ۋە ئوخشاش دەرىجىدىكى ۋەزىپىگە مەسئۇلدۇر.

دولىتىمىزدە، ئازسانلىق مىللەت گراژدانلىرى خەنسۇ گراژدانلىرىغا ئوخشاش، باراۋەر سىياسى ھوقۇقتا ئىگە. ئۇلار خەنسۇ گراژدانلىرىغا ئوخشاش سوز، مەتبۇئات، يىغىن ئوتكۇزۇش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، كوچىلاردا مۇراسىم ئوتكۇزۇش ۋە نامايىش قىلىش قاتارلىق ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقلىرىدىن تاشقىرى، يەنە ئوخشاشلا سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇلار ئوزى خالىغان ئادەمنى سايلىشى ياكى سايلىنىپ دولەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى ئارقىلىق دولەتنى ئىدارە قىلىشقا قاتنىشىدۇ. مەسىلەن: بىرىنچى نوۋەتلىك پۈتۈن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دېپۇتاتلىرى ئىچىدە 177 نەپەر ئازسانلىق مىللەت دېپۇتاتى بار.

مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتگراژدانلىرىھەرتۈرلۈك خەلق تەشكىلاتلىرىغا ۋە ھەرتۈرلۈك كەسپكە قاتنىشىش ئەركىنلىگىگە ئىگە.

دولىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەت گراژدانلىرى، مەيلى شەھەرلەردە ياكى يېزىلاردا، يا ئومۇلەشكەن ھالدا ياكى تار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قاق ھالدا ياشىسۇن، مەيلى ئىدارىلاردا، ھەربىي قىسىملاردا ياكى كارخانىلاردا خىزمەت قىلسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئىشەنچىلىرىگە ھۆكۈمەت ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدۇ ۋە ئېتىۋار بېرىدۇ. مەسىلەن: ئىسلام دىنىغا ئىشەنگۈچى ھەممە مىللەت خەلقلىرىدىن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۈچ چوڭ بايرىمىدا (روزى ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە مەۋلۇتتا) يېيىش ئۈچۈن سويغان قوي ـ كالىلىرىدىن قان بېجى ئېلىنمايدۇ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ چوڭ بايرام كۈنلىرىدە ئازسانلىق مىللەت خىزمەتچىلىرىگە دەم ئېلىش شارائىتلىرى تۇغدۇرۇپ بېرىلىدۇ.

دۆلىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەت گراژدانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىل ـ يېزىقلىرىنى ئىشلىتىش ئەركىنلىكى بار. مەسىلەن: مەكتەپلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل، يېزىقىدا دەرس ئوقۇلىدۇ، ئەدلىيە ئالدىدادەۋا ئىشلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل، يېزىقىدا ھەل قىلىدۇ، ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ۋە بىلىم سەۋىيىسىنى ژۇقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىقىدا نۇرغۇنلىغان گېزىت ـ ژۇرنال ۋە كىتاپلارنى نەشر قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. تىلى بولۇپ يېزىقى يوق مىللەتلەرگە يېزىق يارىتىشتا ئاكتىپ ياردەم كۆرسەتتى ۋە كۆرسەتمەكتە. يېزىقى بولسىمۇ مۇكەممەل بولمىغان مىللەتلەرنىڭ

يېزىقلىرىنى ئاستا ـ ئاستا تولۇقلاپ ئىلىشىغا ياردەم قىلدى ۋە قىلماقتا.

بۇنداق بولۇپلا قالماستىن، دولەت ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ، سىياسىي ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە باشقا تەرەپلىرىدىكى ئىشلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئازسانلىق مىللەتلەر توپلۇنۇپ ياشىغان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيال ئاۋتونومىيىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. 1954 ـ يىلى سېنتەبىرگە قەدەر، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەر توپلۇنۇپ ياشىغان رايونلاردا ناھىيە دەرىجىسىدىن يۇقىرى 65 مىللىي ئاۋتونومىيە ئورگانلىرىنى قۇردى. تېررىتورىيىلىك ئاۋتونومىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ نوپۇسى 14 مىلليوندىن ئاشىدۇ.

يۇقۇرىدىكى فاكتلار، دولىتىمىزدە مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللەتلەر ئارا ئىشەنمەسلىك دەۋرىنىڭ ئاللىقاچان تۈگىگەنلىكىنى، مىللىي باراۋەرلىكنىڭ ئاساسەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئۇختۇرۇپ بېرىدۇ. بىزنىڭ مىللىي سىياسىتىمىز ھەممە ئازسانلىق مىللەت گىراژدانلىرىغا ۋەتىنىمىزنىڭ سويۇملۇك ۋە ئىسسىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى: پارتىيە ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈن ساناپ ئاشۇردى. ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنى «ھەممە

مىللەت خەلقلىرىنىڭ نىجات يولـتۈزى» دەپ كۆيـلەشلـىرى تەبىى ئىشدۇر.

(2) ئەر ـ ئايال تەڭ ھوقۇقلۇقدۇر

مەملىكىتىمىزدە خوتۇن ـ قىزلار گىراژدانلىقىنىڭ ھەممە ھوقۇقلىرىدىن ئەرلەرگە ئوخشاش بەھرى ئېلىشتىن تاشقىرى، كونستىتۇتسىيىدە يەنە «خوتۇن ـ قىزلار سايلاش ۋە سايلىنىشتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ئىگە»، «جۇڭخوا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى سىياسى، ئىختىسادىي، مەدەنى، ئىجتىمائى ۋە ئائىلىۋىي ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئەرلەر بىلەن تەڭ ھوقۇققا ئىگىدۇر. نىكاھ، ئائىلە، ئانىلار ۋە بالىلار دولەت تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ» دەپ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىلەر نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئېزىلگەن ۋە ھاقارەتلەنگەن خوتۇن ـ قىزلار ئاممىسىنىڭ ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇپ، دولەتنىڭ زور ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئىختىساتتا مۇستەقىل ئەمەس ئەھۋالىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى دولىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش يولىغا باشلايدۇ.

ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ تەڭ ھوقۇقتا بولۇشى گىراژدانلارنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇشىدىكى زور بىر مەسىلىدۇر. ئەگەر جەمئىيەتتە خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ھوقۇقى بولمىسا، دىمەك

بۇ، شۇ جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ يېرىمىسى قۇل ئورنىدا تۇ- رۇدۇ دىمەكدۇر. جەمئىيەتتە قۇل بولۇدىكەن، ئەلۋەتتە گراژ- دانلار ھەقىقىي يوسۇندا تەڭ ھوقۇقلۇق بولالمايدۇ.

ئەمما، كاپىتالىستىك ئەللەردە ئاياللارنىڭ ئېزىلىشى، ھا- قارەتلىنىشى ئادەتتىكى ئىشلاردىندۇر. بۇرژۇئازىيە خوتۇن- قىزلارنى ئۇيۇنچۇقتا، ئوزلىرىنىڭ خۇسۇسى مۇلۇكلىرىگە ئايلان- دۇرۇپ ئېلىپ، ئۇلارغا ھېچقانداق باراۋەر ھوقۇق بەرمەيدۇ. ھازىرغا قەدەر، دۇنيادا 30 دىن ئارتۇق كاپىتالىستىك ئەلدە خوتۇن - قىزلارنىڭ سايلاش ھوقۇقلىرى زادى يوق. بەزىلىرىدە بولسىمۇ يوق دىيەرلىك دەرىجىدە. ئاقش نىڭ بىر شتاتىنىڭ قانۇنىدا ھەتتا ئەرلەردە خوتۇنلىرىنى ئۇرۇش ھوقۇقى بولۇدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

كونا جۇڭگودىمۇ خوتۇن - قىزلارنىڭ ھېچقانداق ھوقۇقلىرى يوق ئىدى، ئۇلار ھاكىمىيەت، روھانى ھوقۇق ۋە ئاتا، ئەر ھو- قۇقلىرىنىڭ تۇرلۇك - تۇرلۇك زۇلۇملىرىغا ۋە ھوكۇمرانلىقىغا گىرىپتار ئىدى. سىياسەتتە ھوقۇقسىز، ئىختىساتتا مۇستەقىل ئەمەس، جەمئىيەتتە، ئائىلىدە ھاقارەتلىنىپ، ئەرلەردىن بىر دەرىجە تو- ۋەن چۇشۇرۇلەتتى. ئۇلار تىل - ئاھانەت ئاستىدا قالاتتى، خارلىناتتى، مال ئورنىدا سېتىلاتتى، ھەتتا ئولتۇرۇلەتتى. قىز بوۋاقلار ئولتۇرۇلەتتى، خوتۇنلار قوغلاندى قىلىپ ھايدىلات- تى. شۇنىڭ ئۇچۇن شۇۋاختتىكى خوتۇن - قىزلارنىڭ قىينى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىلىق ئەھۋاللىرى بىر خەلق غەزىلىدە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

كونا جەمئىيەت ـ خۇددى گورستان،
ھەددىسىز چوڭقۇر، قاراڭغۇ زىندان.
ئېزىلدى خەلق ئۇنىڭ تېگىدە،
ئاياللار ئۇنىڭ بەكمۇ تەكتىدە.

كۆرگىلى بولماس ئۇنىڭدا كۈننى،
سانىغىلى بولماس، ھەپتە، ئاي، يىلنى،
ھايۋاندىن بەتتەر تارتتۇق ئوقۇبەت
كىملەرمۇ كېلىپ قۇتقۇزار بىزنى!

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتۇن-قىزلار ئاممىسىنىڭ نىجات يولتۇزىدۇر. جۇڭگو خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىنقىلاۋىي كۈرەشىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتۇن ـ قىزلارنى ئازات قىلىشنى ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ بىر بۆلىكى قىلدى، ھەمدە خوتۇن ـ قىزلارنى ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە قاتناشتۇرۇشقا بەكمۇ دىققەت قىلدى. ئىنقىلاپ ئەمەلىيىتىدە مەملىكىتىمىزدىكى خوتۇن-قىزلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چەكسىز باتۇر ۋە ئېقىللىق ئىكەنلىكى، ئىنقىلاپ ۋە خەلق خىزمىتى ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان تۆھپىلەرنى تەقدىم قىلىدىغانلىقى تولۇق ئىسپاتلاندى. ئىنقىلاپنىڭ ئەمەلىيىتىدە، مەملىكىتىمىزدىكى خوتۇن ـ قىزلار دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە قەھرىمان ۋە قەتئىي ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ تولۇق ئىسپاتلىدى، نۇرغۇنلىغان ئاياللار

ھەتتا ئىنقىلاپ ئۈچۈن ئوزلىرىنىڭ ئىززىز جانلىرىنى توھپە قىلدى. ليۇخۇلەن، جاۋيىمەنلەرگە ئوخشاشلار مانا شۇنداق جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئىبسىل قىزلىرىدۇر. خوتۇن-قىزلار-نىڭ ئۈزۈن مۇددەتلىك ئىنقىلاۋىي كۈرەش جەريانىدا ئىگە بولغان ھەر تۈرلۈك يېڭى دېموكراتىزم ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئۇمۇمى پروگراممىدا ئېنىق قىلىپ بەلگىلەندى.

بىر نەچچە ژىلدىن بېرى، مەملىكىتىمىزدىكى خوتۇن-قىز-لارنىڭ سىياسى، ئىختىسادىي، مەدىنى، ئىجتىمائى ئورۇنلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىگىنى قايتىدىن تىكلەش خىزمەت-لىرىنىڭ ئورۇندۇلىشى ۋە سوتسىالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن يەنىمۇ ژۇقۇرى كوتۇرۇلدى.

سىياسەتتە خوتۇن، -قىزلار ئاممىسى ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئېلىمىزنىڭ سىياسى ھاياتىغا قاتناشتى. مەركەزدىن تارتىپ يەر-لىك ھەر دەرىجىدىكى ھاكىمىيەت ئىدارىلىرىدا ۋە ھەر دەرى-جىلىك ھوكۇمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە خوتۇن-قىزلار ئىشلەۋاتىدۇ، دولەتنىڭ زور ئىشلىرىنى ئىدارەقىلىشۋاتىدۇ. خوتۇن-قىزلار-دىن ناھىيە باشلىغى، رايون باشلىقلىرى چىققانلىغى ھەيران قالارلىق بىرئىش ئەمەس. 1953 - ژىلدىن 1954 - ژىلغىچە ئاساسى قاتلام سايلاملىرىدا خوتۇن-قىز سايلىغۇچىلارنىڭ 84%ى سايلامغا قاتناشتى، ئۇلارنىڭ سايلاپ چىققان خوتۇن-قىز ۋەكىللىرى بارلىق ۋەكىللەر سانىنىڭ 17% تىدىن ئارتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئىختىسادىي جەھەتتە: ئېلىمىزدەكەڭ كولەمدىكى پىلانلىق قۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشى بىلەن، خوتۇن ـ قىزلار ئاممىسىغا ئېلىمىزنىڭ ئىختىسادىي قۇرۇلۇشلىرىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بېرىلدى. سانائەت قۇرۇلۇشلىرىدا ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ساني 1952 ـ ژىلى 1950 ـ ژىلغا قارىغاندا 74% ئاشتى. يېزىلاردا كوپلىگەن خوتۇن ـ قىزلار ھەمكارلىق كوئوپېراتسىيىنى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ھەرـكەتلىرىگە قاتناشتى. بەزى ئىلغار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوئوپېراتىۋلىرىدا، خوتۇن ـ قىز ئەزالارنىڭ ئەمگەك كۈنى پۈتۈن كوئوپېراتىۋ ئەمگەك كۈنىنىڭ ئۇمۇمى سانىنىڭ 30%ـ 40%نىنى ئىگەللەيدۇ. مەسىلەن، لىشۇندا دىخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوئوپېراتىۋىدا خوتۇن ـ قىز ئەزالار 1953 ـ ژىلى ئائىلە ئەمگەكلىرىدىن تاشقىرى، پۈتۈن كوئوپېراتىۋنىڭ 11 مىڭ ئەمگەك كۈنىنىڭ 34%نىنى ئىگەللىگەن. پارتىيە ۋە دولەتنىڭ خوتۇن-قىزلارغا قىلغان غەمخورلىقى ئارقىسىدا، ھەممە جايلاردا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوئوپېراتىۋلىرىدا خوتۇن ـ قىز كادلار تەربىيىلەندى ۋە يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن: سەنشى ئولكىسىنىڭ چاڭجىۋىلايىتىنىڭ 15 ناھىيىسىدىكى 700 3 دىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوئوپېراتىۋىدىكى كوئوپېراتىۋ باشلىقلىرىنىڭ 9 نەپىرى، باشلىق ئورۇنباسارلىرىدىن 003 4 نەپىرى ئاياللاردۇر. مانابۇ، خوتۇن ـ قىز-

لار ساناﺋﻪت، يېزا ـ ئىگىلىك ئىشلىرىدا بىر پۈتۈن زور ئارمىيىگە، مەملىكىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىدا كام بولماسلىقى تېگىشلىك كۆچىگە ئايلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مەدەنىيەت جەھەتتە: خوتۇن ـ قىزلار سىياسى، ئىختىسادىي تۇرمۇشىدا ئۆز كۈچلىرىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلسۇن ئۈـ چۈن دولەت ئۇلارنى بىلىم ئېلىشقا زور كۈچ بىلەن ئىلھاملاندۇرـ ماقتا، بىر قانچە ژىلدىن بېرى، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايـ لىرىدىكى مەكتەپلەردە قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ژىلدىن ـ ژىلغا كوپەيمەكتە؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەكچىلەرنىڭ مەكتەپكە كىرگەن قىز بالىلىرىنىڭ سانى كوزگە كورۇنەرلىك كوپەيدى. مەسىلەن: ئازاتلىقتىن ئاۋال ـ 1945 ـ ژىلى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قىز ئوقۇغۇچىلار بارلىق ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ $\frac{1}{4}$ نى ئىگەللىگەن بولسا، ھازىر تەخمىنەن ئۇمۇمى سانىنىڭ يېرىمىغا يەتتى. ژۇقۇرى مەكتەپلەردىكى قىز ئوقۇغۇـ چىلار، ھازىرقى ۋاختتا بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ $\frac{1}{4}$ ـدىن ئارتۇغىنى ئىگەللەيدۇ. بۇندىن تاشقىرى دولەت يەنە نۇرغۇنلىغان ئىشچى ـ دىخانتېز پۈتتۈرۈش ئوتتۇرا مەكتىۋى، خىزمەتتىن تاشقىرى ئوقۇش مەكتىۋى، قىشلىق ئوقۇش ۋە خەلق مەكتەپلىرى قاتارلىقلارنى قۇرغانلىقتىن، ئوتمۇشتە تەلىم ـ تەربىيە پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان خوتۇن ـ قىزلارمۇ ئوگۇنۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. مەسىلەن: توقۇمىچىلىق ساناﺋﯩتى

www.uyghurkitap.com

بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى خەجەنشۇ، يېڭى جۇڭگونىڭ بىرىنچى پاراۋۇزماشىنىستى تيەن گۈيىڭلار ھازىر ئىشچى-دېھقان تېز پۈتتۈرۈش ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتماقتا.

دۆلىتىمىز خوتۇن-قىزلارغا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلماقتا.

نىكاھ قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن خوتۇن-قىزلار ئاممىسى ئۈستىدىكى فېئودال كىشەنلىرى پاچاقلاپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن سانسىز بەختلىك، ئىناق يېڭى ئائىلىلەر كېلىپ چىقتى. ئۆتمۈشتە ئىناق ئەمەس ئائىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقلىرىمۇ نىكاھ قانۇنىنىڭ تەشۋىقاتى ۋە تەلىم-تەربىيىسى ئارقىسىدا يېڭى تىپتىكى ئىناق ئائىلىلەرگە ئۆزگىرىپ كەتتى. تۇرمۇشتا كاپالەتلىك، ئائىلىدە ئىناقلىق بولغانلىقى خوتۇن-قىزلارنى سىياسىي ھايات ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشقا تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزغا قاتنىشىشتىكى ئاكتىپلىقلىرىنىمۇ ئالغا سۈردى.

يېڭى جۇڭگودىكى ئانا ۋە بالىلارغا دۆلەت ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىدۇ ۋە ئېتىبار بېرىدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بېرى دۆلىتىمىز پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 33 000 دىن ئارتۇق ئورۇندا تۇغۇتخانىلار، ئاياللار ۋە بالىلار سالامەتلىكىنى ساقلاش پونكىتلىرى، تۇغۇت دوختۇرخانىلىرى قۇردى. 242 000 دىن ئارتۇق تۇغۇت ئانىلىرىغا تەلىم-تەربىيە بەردى ۋە ئۇلارنى

ئوزگـەرتتى، ھەمـدە شەھەرلەردە تولـغاقـسـز توغـدۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن ئانىلارنىڭ ئىغىـرچىلىقـ لىرىنى كوپ ئازايتتى. ئانىلار بىلەن بالىلارنىڭ سالامەتلىگىنى تېخىمۇ ياخشىلىدى. بۇندىن باشقا، ئانىلارنىڭ خىزمەتتە خاتىرـ جەم ئىشلىشى ۋە ئەندىشىلەرنى ئازايتىۋۇرۇشى ئۇچـۇن، دولەت يەنە نۇرغۇنلىغان يەسلى ۋە بالىلار باقچىلىرىنى قۇرۇپ بەردى. 1953 ـ ژىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۇتۇن مەمـلىكەت بويىچە بالـىلار باقچىلىرى ۋە يەسلىلەرگە كىرگەن بالـىلارنىڭ ئۇمۇمى سانى 425 مىڭ نەپەرگە يەتتى. ئۇمۇمەن زاۋود ـ فابرىكىلاردىكى بالـ لار باقچىلىرىدا ئىشچىلارنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى 60% ـ 80% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىـدىن كېيىن، مەمـلىكىتىمىز نىـڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ رىۋاجلىنىشى بىلەن تەڭ، ئانـىلار ۋە بالىلارنـىڭ ساقلىغىنى ساخلاش ئىشلىرى تېخىمۇ زور تەرەققى قىلغۇسىدۇر.

ژۇقۇرىدىكى فاكتلار مەملىكىتىمىزدە خوتۇن ـ قىزلارنىڭ قانۇندا ئەرلەر بىلەن تامامەن باپـباراۋەرلىگىنىلا ئەمەس، بەلكى سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدەنى ۋە ئىجتىمائى ھاياتلاردىمۇ ئەرلەر بىلەن تامامەن باپ ـ باراۋەرلىگىنى ئۇختـتۇرۇدۇ. بۇ ئېلىمىزـ دىكى خەلق دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئارتۇقلىغىدۇر. شۇنداق بولغاندىلا ئېلىمىزدىكى خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىغىنى ۋە ئىقىلـپاراسەتلىرىنى تېخىمۇ ئامدان جارى قىـلدۇرغـىلى بولۇدۇ. ئۇلار ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە، ئېلىمىزنى بۇيۇك سوتـ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



سالىستىك ئەل قىلىپ قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

II

## گراژدانلارنىڭ سىياسى ھوقۇقلىرى ۋە ئەركىنلىكلىرى

كونستىتۇتسىيىمىزدە دولىتىمىزنىڭ گراژدانلىرىغا كەڭ سىياسى ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەر بەلگىلەندى. بۇ سىياسى ھوقۇقلار ۋە ئەركىنلىكلەر ئۇمۇمى يۈزلۈك، تەڭ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقلىرى؛ سوز، مەتبوئات، ژىغىن ئوتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، كوچىلاردا مۇراسىم ئوتكۈزۈش ۋە نامايىش قىلىش ئەركىنلىكلىرى، يەنە دولەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ۋە ۋەزىپىسىگە ئېتىۋارسىز قارىغان خادىملىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ھوقۇقلىرى كىرىدۇ.

(1) سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى

سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى ئېلىمىزدىكى گراژدانلارنىڭ سىياسى ھوقۇقلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ، گراژدانلارنىڭ ئوزىگە ــ ئوزى خوجا بولۇش ھوقۇقىدۇر.

كونستىتۇتسىيىمىزدە: «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ 18 ياشقا توشقان ھەممە گراژدانلىرى مىللىتىگە، ئىرقىغا، جىنسىگە،

كەسىگە، ئىجتىمائى چىقىشىغا، دىنى ئېتىقادىغا، بىلىم دەرىجىسىگە، مال ـ مۈلكىگە ۋە ئولتۇراقلىق مۇددىتىگە قارىماستىن سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما ئەقلىدىن ئازغان ھەم قانۇن بويىچە سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئادەملەرلا بۇ ھوقۇققا ئىگە ئەمەس.» دەپ بەلگىلەندى.

دېمەك ئېلىمىزدە ئون سەككىز ياشقا توشقان گىراژدانلار، مەيلى خەنسۇ بولسۇن ياكى باشقا مىللەتلەر بولسۇن، مەيلى ئەر ياكى ئايال، مەيلى ئىشچى ياكى دىخان بولسۇن، مەيلى دىنغا ئىشەنسۇن ياكى ئىشەنمىسۇن، مەيلى پروفېسسور ياكى ساۋاتسىز بولسۇن، مەيلى مۈلۈكدار ياكى پرولېتار بولسۇن، مەيلى بىر يەردە 2 ـ 3 ئاي ياكى 8 ـ 10 ژىل تۇرغان بولسۇن، پەقەت، ئەقلىدىن ئېزىپ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنالمايدىغان بولۇپ قالمىغانلار بولسا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ياكى باشقا سەۋەپلەر بىلەن سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنمىغانلار بولسا، ئۇنداق گىراژدانلارنىڭ ھەممىسى سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقلىرىغا ئىگە، ئۇلارنى ھېچكىم چەكلىيالمايدۇ. ھېچكىم ئالاھىدە ئەمەس، ھەربىر ئادەمنىڭ بىر بىلەتلىك سايلاش ھوقۇقى بار. 1953 ـ ژىلدىن 1954 ـ ژىلغىچە ئوتكۈزۈلگەن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى ئاساسي قاتلام سايلام خىزمەتلىرى بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاساسي قاتلام سايلاملىرىنى ژۈرگۈزگەن رايونلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ تارقىتىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇمۇمى خەلق نوپۇسى 571 مىللىون 434 مىڭ 511 بولۇپ، سايلىغۇچىلىق تىزىمىگە ئالدۇرغانلارنىڭ سانى 323 مىللىون 809 مىڭ 684 نەپەرگە يېتىپ، سايلام ژۇرگۈزۈلگەن رايونلاردىكى 18 ياشتىن ژۇقۇرى نوپۇسنىڭ 97،18% ىنى ئىگەللىدى. سايلامدا ئاۋاز بەرگۈچىلەرنىڭ سانى 278 مىللىون 93 مىڭ 100 نەپەر بولۇپ، سايلامغا قاتنىشىش ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇرغۇچىلارنىڭ ئۇمۇمى سانىنىڭ 88%، 85 ىنى تەشكىل قىلدى.

دولتىمىزنىڭ بۇنداق سايلام تۈزۈمى ھەربىر گراژدانىنىڭ ئەركىن ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزى خالىغان ۋە زورۇر تاپقان ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ سايلاپ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئىجرا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى قانداق بىر ئادەم بولمىسۇن ياخشى ئىشلىسە، دولەتكە قىلغان تۆھپىسى چوڭ بولسا، خەلققە خىزمەت يەتكۈزگەن بولسا، ئۇلار دولەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا سايلىنىش، خەلققە ۋاكالىتەن دولەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشقا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە. مەسىلەن: مەملىكىتىمىزدىكى بىرىنچى قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دېپۇتاتلىرى ھەممە ساھەدىكى كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كوممۇنىستلار ۋە دولەت ئاپپاراتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ بار، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، دېموكراتىك سىنىپلاردىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارمۇ، پروفېسسور-

لار، ئىنژېنېرلار، پەن ئەرباپلىرى، يازغۇچىلار ۋە دوختۇر-لارمۇ بار، سانائەت يېزائىگىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، كۈ-رەش قەھرىمانلىرىمۇ بار، ئەرلەر ھەمدە ئاياللارمۇ بار، خەن-سۇلار ۋە ئازسانلىق مىللەت دېپۇتاتلىرىمۇ بار. مانابۇلار دولىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمىنىڭ ھەم باراۋەر ھەم ئۇمۇمى ئىكەنلىگىنى تولۇق كۆرسۈتۈدۇ.

خەلقىمىز سايلامغا قاتنىشىشنى زور خوشاللىق بىرئىش دەپ قارايدۇ. 1954 ـ ژىلى يانۋاردا، ئۇلۇق پايتەختىمىز بېجىندە ئاساسىي قاتلام سايلىمى ژۈرگۈزۈلگەن ۋاختىدا، چوڭ ـ كىچىك كوچىلارنىڭ ھەممىسى «توي ئۈستىگە توي» دىگەن خەتلەر بىلەن بېزەلدى. سايلام كۈنى ھاۋا بەك سوغۇق بولسىمۇ، سايلىغۇچىلار سەھەردىلا تۇرۇپ ئېلىپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ، سايلام گۇۋانامىلىرىنى ئېلىشىپ سايلام قىلىدىغان پۇنكىتلارغا بېرىپ سايلامغا قاتناشتى. ھەممە يەرلەردە خۇددى بايرام كۈنىدەك پانوسلار ئېسىلدى، داقا ـ دۇمباقلار چېلىندى، پوجاڭزىلار ئېتىلدى.

خەلقىمىز سايلامغا بەكمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ، ئۆزلىرى رازى بولغان ۋە زورۇر تاپقان ئادەملەرنى دېپۇتات سايلاشنى ئويلايدۇ. مەسىلەن: بېجىن شەھرى شىنجېكۇ رەستىسىنىڭ شىمالى كوچىسىدىكى سايلام ئۇچاستكىسىدا سايلىغۇچىلار رايون دېپۇتاتى كاندىداتلىقىغا دەستلەپتە 385 كىشىنى كۆرسۈتۈپ،

قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە، قايتا ـ قايتا ئوگۇنۇشتىن كېيىن ھەممە بىرلىكتە 9 نەپەر كاندىداتنى كورسەتتى. بۇ 9 نەپەر كاندىداتنىڭ ئىچىدە، بېجىن شەھرى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ستالىن مۇكاپاتى لائورىاتى بولغان ۋە 2 ـ دەرىجىلىك چاۋشەن دولەت بايرىقى ئوردىنىغا ئىگە بولغان كىنوخادىملىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دولەتكە، خەلققە توھپە يەتكۈزگەن ۋە خىزمەت كورسەتكەن كىشىلەردۇر.

دولىتىمىزدىكى گراژدانلارنىڭ سايلام ھوقۇقلىرىنى ئەركىن ئىجرا قىلىش ئۈچۈن دولىتىمىزنىڭ قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەندى. ھېچ بىر ئادەمنىڭ زورلۇق قىلىش، تەھدىت سېلىش، ئالداش، پارا بېرىش ـ ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللۇنۇپ سايلامنى بۇزۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق ھوكۇمەتلىرى ۋە سايلام كومىتېتلىرى خادىملىرىنىڭ يالغاندىن سايلام ھۆججەتلىرىنى ياساپ ياكى بىلېت سانىنى ساختىلىق بىلەن مەلۇم قىلىش، يوشۇرۇش، قالايمىقان قىلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپلىق ھەركەتلىرىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، شۇنداق قانۇنغا خىلاپ ھەركەت قىلغۇچىلار جىنايى جازاغا تارتىلىدۇ. قانۇندا يەنە: سايلام جەريانىدا قانۇنغا خىلاپلىق ھەركەتلەر يۈز بەرسە، ھەر قانداق ئادەم پاش قىلىشقا، دەۋەت قىلىشقا ھەقلىق، پاش قىلغۇچىلارغا زۇلۇم قىلغۇچى، ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالغۇچى كىشىلەرگە يول

بېرىلمەيدۇ. مۇنداق ھەركەتتە بولغۇچىلارمۇ يەنە جىنايى جا-
زاغا تارتىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇندىن باشقا ، قانۇندا
يەنە: ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام راس-
خودلىرى دولەت خەزىنىسىدىن بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەندى .
دېمەك دولىتىمىزدە گراژدانلارنىڭ سايلام ھوقۇقلىرى قانۇن
ۋە ماددى تەرەپلەردىن كاپالەتلەندۈرۈلگەن.

ئەمما مەملىكەتىمىزدە قانۇن بويىچە سايلام ھوقۇقلىرىدىن
مەھرۇم قىلىنىشقا تېگىشلىك كىشىلەرمۇ بار. بۇلار ئاساسەن ئىنـ
قىلاپقا قارشى ئۇنسۇرلار، ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار، پومېشچىك
ۋە بيۇروكرات كاپىتالىستلار بولۇپ، مەملىكەتىمىزدىكى خەلق
نوپۇسىدا ناھايىتى ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلار بولسا
خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ ئوبيېكتىدۇر. ئەگەردە
بۇنداق ئادەملەرگە سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقلىرى بېرىلسە،
ئۇلار دولىتىمىزنىڭ ھاكىمىيەت ئىدارىلىرىغا كىرىۋېلىپ،
ھەر تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلەرنى ژۈرگۈزۈپ، دولىتىـ
مىزگە ۋە خەلقىمىزگە زىيانداشلىق قىلىدۇ؛ ئەمما بۇنىڭدىن،
ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئەبەدى سايلام ھوقۇقلىرى بولمايدۇ دېگەن
مەناچىقمايدۇ. گۇنايى چوڭ، ياۋۇزلىغى ھەددىدىن ئاشقان ۋە
خەلق بىلەن قەتئى دۈشمەنلەشكەنلەردىن باشقىلىرى خەلققە باش
ئېگىپ، جىنايەتلىرىنى خىزمەت بىلەن ژۇيۇشقا بەل باغلاپ،
دولەتنىڭ قانۇنلىرىغا ئىتائەت قىلسا، ئەمگەك جەريانىدا ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوزگەرتىپ، ئوزكۆچى بىلەن تۇرمۇش كوچۇرىدىغان ئادەمگە ئايلانسا ، كېلەچەكتە خەلق ۋە دولەت ئۇلارغا سايلام هوقۇقلىرىنى بېرىشنى ئويلاشلىرى مۇمكىن.

كاپىتالىستىك دولەتلەرنىڭ سايلام تۈزۈمى دولىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار تۈرلۈك چارىلار بىلەن خەلقلەرنىڭ سايلامغا قاتنىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، مەسىلەن: ئاقش دا كونستىتۇتسىيە بويىچە ھىندىيانلارنىڭ سايلام هوقۇقلىرى ئوچۇق ئېلىپ تاشلىنىپلا قالماستىن، ھەر بىر شتاتتا خەلقلەرنىڭ سايلامغا قاتنىششىنى چەكلەيدىغان 50 تۈرلۈكتىن ئارتۇغراق يەرلىك قانۇن بار. بۇ قانۇنلارنىڭ بەزىلىرىدە بىلىمى يوق ياكى بىلىم سەۋىيىسى توۋەن بولىغان ئادەملەر سايلامغا قاتناشمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، بەزىلىرىدە مال ـ مۇلكى يوق ياكى مال ـ مۇلكى ئاز ئادەملەر سايلامغا قاتنىشالمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن ، يەنە بەزىلىرىدە سايلامغا قاتناشقۇچىلار ھوكۇمەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئوتۇپ، «ئەخلاقى توغرى» دەپ تېپىلغاندىن كېيىن سايلامغا قاتنىشالايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. مۇشۇنداق قىلىپ، ئاقش دا 20 مىللىوندىن ئارتۇق ئادەم سايلام هوقۇقىدىن مەھرۇم.

جاڭ كەيشى گومىندىڭى هوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خەلقنىڭ سايلامغا قاتنىشىش هوقۇقى زادىلا يوق ئىدى. ئۇ ۋاختىدا كىمدە ـ كىم «گىراژدان» بولۇشنى

ئويلىسا، ئالدى بىلەن جاڭكەيشى قاراقچىغا قاراپ قەسەم ياد قىلىش لازىم ئىدى. قەسەم يادقىلمىغانلار «گراژدان» بولالمايتـ تى. 1946 ـ ژىلى جاڭكەيشى گومىندىگى چۇنچىندە سايلام ئوتكۇزدى، پۇتۇن شەھەر بويىچە 1 مىلليون 600 مىڭ ئادەمدىن ئاران 100 مىڭ ئادەم سايلام هوقۇقىغا ئىگە بولغان گراژدانـ لاردىن بولالىدى. يەنە 1944 ـ ژىلى گومىنداڭ رېاكسىون هوـ كۇمىتىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، پۇتۇن مەملىكەت بويىچە سايلىنىش هوقۇقىغا ئىگە ئادەملەرنىڭ سانى 98 مىڭدىن ئارتۇغراق بولۇپ، ئوتتۇرا هېساپ بىلەن هەر 10 مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يېرىم ئادەم سايلىنىش هوقۇقىغا ئىگە بولغان.

بۇنىڭدىن، دولىتىمىزنىڭ سايلام هوقۇقىنىڭ دېموكراتىك، باراۋەرلىك ۋە ئۇمۇمى يۇزلۇكلىگى كونا جۇڭگودا ۋە كاپىـ تالىستىك ئەللەردە يوق ئىكەنلىگىنى كورۇش مۇمكىن.

(2) سوز، مەتبۇئات، ژىغىن ئوتكۇزۇش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، كوچىلاردا مۇراسىم ئوتكۇزۇش ۋە نامايىش قىلىش ئەركىنلىكلىرى

سوز، مەتبۇئات، ژىغىن ئوتكۇزۇش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، كوچىلاردا مۇراسىم ئوتكۇزۇش، ۋە نامايىش قىلىش ئەركىنلىكلىرى، گراژدانلارنىڭ ئىجتىمائى هاياتقا قاتنىشىش ئەركىنلىكلىرىدۇر. كونستىتۇتسىيىمىزدىكى گراژدانلاردا بۇنداق ئەركىنلىكلەر بار دەپ بەلگىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى دولەت

www.uyghurkitap.com

گراژدانلىرىنىڭ بۇ ئەركىنلىكلىرىدىن پايدىلىنىشىغا كاپالەت بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددى ئاساسلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بېرىشىمۇ بەلگىلەندى.

كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ كونستىتۇتسىيىسىنىڭ بەزىلىرىدە «ئەركىنلىك» دىگەن سوزلەر يېزىقلىق بولىسىمۇ، ئەمما ئۇلار كىشىلەرنى ئالدايدىغان قۇرۇق گەپ. كاپىتالىستىك ئەللەردە ئەمەلىياتتا، گېزىت، ژۇرنال، نەشرىيات، مەتبەئە ۋە رادىو ستانسىلىرىنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستلارنىڭ خۇسۇسى مۈلكىدۇر، ھەممىسى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئادەم ئالدايدىغان، ئېغۋا تارىتىدىغان ۋە خەلقلەرنى ئېزىدىغان قورالىدۇر. ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ سوز، مەتبۇئات پۈرستى بولمىسا، سوزدە، مەتبۇئاتتا ئەركىنلىكى نەدە بولسۇن؟ خەلقلەر مەجلىس ئېچىشنى خالىسا مەجلىس مەيدانى يوق، كوچىلاردا مەجلىس ئاچسا ژاندارما، شپىون، ساخچىلارنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچرايدۇ، دىمەك ئۇلاردا قاندىراق قىلىپ ژىغىنلارنى ئوتكۈزۈش ئەركىنلىكى بولسۇن؟ كاپىتالىستىك ئەللەردە، ئەمگەكچى خەلقلەر «قانۇنغا ئاساسەن تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكى بار، ئەمما ھەقىقەتەن تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ۋاقتىدا يەنە تۈرلۈك توسالغۇلارغا، قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ تارقىتىپ تاشلىنىدۇ ياكى زىيانغا ئۇچرايدۇ. كوچىلاردا مۇراسىم ئوتكۈزۈش، نامايىش قىلىشنى تەشكىللەشتۈرۈشنى ئويلىسا رىياكسىيون ھوكۇمەتلەر ھەربى

قىسىم، پۇلېمىوت، بىرونو ماشىنىلار بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدۇ. دېمەك كاپىتالىستىك ئەللەردە ھېچقانداق ئەركىنلىك يوق.

جاڭ كەيشى گومىنداڭنىڭ رىياكسىيون ھاكىمىيىتى قورچاق كونستىتۇتسىيىسىدە ھەر تۈرلۈك «سەۋەبلەر»نى قوللىنىپ خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىكلىرىنى ئېلىپ تاشلاپلا قالماستىن، بەلكى خەلقلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك ئەركىنلىكلىرىنى ئېلىپ تاشلايدىغان نۇرغۇنلىغان مەخسۇس قانۇنلارنى ئالاھىدە ئېلان قىلغان ئىدى. مەسىلەن: ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپ تا 1943 - يىلغىچە مەتبۇئاتنى چەكلەيدىغان 24 تۈرلۈك قانۇن ئېلان قىلدى؛ گومىنداڭ ھەربىي تەكشۈرۈش كومىتېت بيۇروسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تا 1944 - يىلغا قەدەر 4 يىل ئىچىدە سوز، مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى چەكلەش توغرىسىدا 200 پارچە تېلېگرامما چىقاردى. 1946 - يىلى يانۋاردىن ئاۋغۇستقا قەدەر، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 6 چوڭ شەھەردە 195 گېزىتخانا، ژۇرنال، ئەخبارات، باسمىخانا، خۇسۇسىلار ئىگىلىگىدىكى رادىو ستانسىلىرىنى پېچەتلىدى، 2 گېزىتخانىغا گېزىت چىقارماسلىققا بۇيرۇق چۈشۈردى. 2 ئورۇندىكى گېزىتنى پوشتاخانىدا ئالماسلىققا بۇيرۇق چۈشۈردى. 9 ئورۇندىكى گېزىتخانا شىپونلار تەرىپىدىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، 20 نەپەر مۇخبىر ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پروفېسسورلىرى شىپونلار تەرىپىدىن ئۇرۇلدى، 47 نەپەر ئەخبارات خىزمەتچىلىرى قاماققا ئېلىندى. بىر نەپەر مۇشتىرى ئېتىپ ئۆلتۈ-

رۇلدى. 3 نەپەر ئەخبارات خىزمەتچىسى ئۆلتۈرۈلدى، كۆڭگجۈنىڭ بىر ئۆزىدىلا دېموكراتىك گېزىت ـ ژۇرناللاردىن 100 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇغراغى مۇسادىرە قىلىندى. مۇشۇ ھېساباتتىن گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە خەلقلەرنىڭ سوزدە، مەتبۇئاتتا قىلچىلىك ئەركىنلىككى يوق ئىكەنلىكىنى كورۇش مۇمكىن.

جاڭ كەيشى گومىندىكى خەلقلەرگە زىغىن ئوتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، كوچىلاردا مۇراسىم ئوتكۈزۈش ۋە نامايىش قىلىش ئەركىنلىكلىرىنى زادىلا بەرمىدى. قاراقچى جاڭ كەيشى قۇيرۇقلىرى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق «ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەجلىس ئېچىش ئەركىنلىكى بولسا، مېنىڭ ئوق چىقىرىش ئەركىنلىكىم بار» دەپ ئېيتىشقان ئىدى. قاراقچى جاڭ كەيشىنىڭ شپيونلىرى، ژاندارمىلىرى، ساقچىلىرى ۋە ھەربى قىسىملىرى زىغىن ئوتكۈزگەن، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشقان، كوچىلاردا مۇراسىم ئوتكۈزگەن، نامايىش قىلغان ئاممىغا قىلىچ، تاش، گىرانات، پىۇلېميوتلار بىلەن قارشى تۇراتتى. جاڭ كەيشى گومىندىكى ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە زىغىن ئوتكۈزگەنلىكى، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشقانلىقى ياكى كوچىلاردا مۇراسىم ئوتكۈزگەنلىكى، نامايىش قىلغانلىقلىرى سەۋەبىدىن قانچىلىغان ياخشى ئادەملەرنىڭ قاماققا ئېلىنغانلىقلىرى، ئولتۈرۈلگەنلىكلىرى، ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسى تۈرمىلەرگە تاشلانغانلىقلىرى

ھەممىگە مەلۇم.

بىزنىڭ يېڭى جۇڭگو خەلق دېموكراتىك دۆلەت. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنىڭ سۆز، مەتبۇئات، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، كوچىلاردا مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش ئەركىنلىكلىرى ھېچقانداق چەكلىنىشلەرگە ئۇچرىمىغانىنىڭ تېشىدا، دۆلەت ئۇ ئىشلارغا تېخىمۇ ئىلھام بېرىپ، لازىم بولغان ماددى ئوڭايلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. خەلقلەرنىڭ بۇ ئەركىنلىكلەردىن ياخشى پايدىلىنىشىغا، دايىم ئىجتىمائى ھاياتقا قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە ھەر بىر گراژدانىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىچكى، تاشقى مەسىلىلەرگە قارىتا ئېغىزچە ياكى خەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئىزھار قىلىش ھوقۇقى بار. خەلقتە مۇشۇنداق ئەركىنلىكلەر بولغاچقا، خەلقلار مەسىلىلەرگە قارىتا قانداق كۆز قارىشى، دۆلەتنىڭ ھەر تۈرلۈك مەسىلىلىرىگە قانداق پىكرى، تەكلىۋى، تەشەببۇسى ۋە قانداق تەنقىدى بار بولسا گېزىت يۈزىدە، ژۇرناللاردا يېزىق ئارقىلىق ئىزھار قىلالايدۇ، يەنە ھەر تۈرلۈك ژىغىنلاردا، كونفېرېنسىيەلەردە، رادىوستانسىلىرىدىمۇ ئېغىزچە ئىزھار قىلىش مۇمكىن. دۆلەت ھەر قايسى جايلاردا نۇرغۇنلىغان گېزىتخانا، نەشرىيات، رادىو ستانسىلىرى قۇردى، نۇرغۇنلىغان ژىغىن مەيدانلىرىنى تەشكىل قىلدى ...مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقلەرنىڭ سۆز، مەتبۇئات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەركىنلىكلىرىنىڭ ماددى كاپالىتىدۇر. خەلقلەر سوز ئەركىن-
لىكى بولغاندا، ياخشى پىكىر، ياخشى چارىلارنى ئوتتۇرىغا
ئاتالايدۇ، بۇ دولەتكە، جەمئىيەتكە ياخشىلىق تەرىپىدۇر.
مەسىلەن: دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىنى تۈزۈپ چىقىش
جەريانىدا، 150 مىللىون خەلق ئەركىن تۈردە مۇزاكى-
رىگە قاتناشقانلىقتىن، كونستىتۇتسىيىمىز پۈتۈن مەملى-
كەت خەلقلىرىنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنى تېخىمۇ مەركەزلەش-
تۈردى.

دولىتىمىزدە ژىغىن ئۆتكۈزۈش ۋە تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش
ئەركىنلىكلىرىمۇ مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. دولىتىمىزدىكى خەلق-
لەرنىڭ ھەر تۈرلۈك چوڭ، كىچىك ژىغىنلارنى چاقىرىشى،
ھەرتۈرلۈك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشى، ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن،
يەنە ھەر تۈرلۈك جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىنى مەسىلەن، پروفسو-
يۇز، دېھقانلار جەمئىيىتى، خوتۇن - قىزلار تەشكىلاتى،
ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر تەشكىلاتى
ئىلمىي تەشكىلات ۋە باشقىلار قۇرۇشى مۇمكىن. ئىشچىلار
سىنىپى ئىچىدىكى ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ ئاگلىق كىشىلەر ئۆزلىرى-
نىڭ ئاۋانگارد تەشكىلاتى - جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە
بىرلىشىدۇ.

دولىتىمىزنىڭ خەلقلىرى خەلقارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى
ئەڭ زور ۋاقەلەر توغرىسىدا، ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئىپادە

قىلىش ئۈچۈن يەنە كوچىلاردا مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش ئۇسۇللىرىنىمۇ قوللۇنۇشى مۇمكىن. ھەر ژىلى بىرىنچى ماي خەلقارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا، بىرىنچى ئوكتەبىر دولەت بايرىمىدا پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە ھەممە چوڭ ۋە ئوتتۇرا شەھەر خەلقلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى بۈيۈك ئۇتۇقلىرىنى تەبرىكلەش، دۇنيا تىنچلىقىنى ھىمايە قىلىش ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ بۈيۈك كۈچىنى كوزدىن كوچۈرۈش ئۈچۈن تەنتەنىلىك كوچا نامايىشلىرىنى قىلىدۇ. بۇ نامايىشلارغا بىر نەچچە يۈز مىڭ ھەتتا مىللىونچە ئادەم قاتنىشىدۇ. ھەر بىر يەردىكى شەھەرلىك ھوكۇمەت دائىرىلىرى ئاممىنىڭ كوچا نامايىشلىرىنىڭ ياخشى ئوتۇشىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئورۇنلىغان قاتناش ساقچىلىرىنى بەلگىلەپ كوچا تەرتىپلىرىنى ساخلايدۇ، نامايىش قىلغان ئاممىنىڭ ژۈرۈشىگە ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ھەتتا كوچىلاردا ئات، ھارۋا، ماشىنىلارنىڭ ژۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، يەنە ئۇسۇلۇق ئىچىش پۈنكىتلىرى، تازىلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئوترەدلىرىنى تەشكىل قىلىپ ئاممىنى ʻقامدايدۇ.

بۇ ھەقىقەتلەر، دولىتىمىزدە خەلقنىڭ سوز، مەتبۇئات، ژىغىن ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، كوچىلاردا مۇراسىم ئوتكۈزۈش ۋە نامايىش قىلىش ئەركىنلىكلىرى قانۇن بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى ماددى تەرەپتىنمۇ كاپالەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

(3) دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ۋە ئۆز ۋەزىپىسىـ
گە ئېتىۋارسىز قارىغان خادىملىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ھوقۇقى

كونستىتۇتسىيىمىزدە: «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ گىراژدانلىرى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ۋە ئۆز ۋەزىپىسىگە ئېتىۋارسىز قارىغان ھەر قانداق خادىملىرى ئۈستىدىن ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا خەت يۈزىدە ياكى ئېغىزچە ئەرز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. دۆلەت ئورگانلىرىـ نىڭ خادىملىرى تەرىپىدىن گىراژدانلىق ھوقۇقىغا دەخىل قىلىنىش سەۋەبى بىلەن زىيانغا ئۇچرىغان ئادەملەر ئۆز زىيانـ لىرىنى تولۇقتۇپ ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ بەلگىلەندى.

بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە بارلىق دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خاـ دىملارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ چاكىرىدۇر. ئۇلار چىن نىيەت، چىن كۆڭلى بىلەن ترىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ۋە خىزمەتكە ئېتىۋارسىز قاراش ھەركەتلىرىگە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ھەقىقەتتىمۇ، دۆلىتىمىزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىدا ئىشلىگۈچى خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چىن نىيەت، چىن كۆڭلى بىلەن خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىگۈچىلەردۇر. ئۇلار كېچىنى ـ كېچە، كۈندۈزنى ـ كۈندۈز دېمەي، ھارماستىن خەلقنىڭ ھەر

تەرەپلىمە قىينىچىلىقلىرىغا كوگۈل بولۇپ، خەلقنىڭ قىينىچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە چارىلارنى ئويلاپ تاپىدۇ. مەسىلەن، ئەنخۇي ئۆلكىسى دۇڭلىۋ ناھىيىسىنىڭ شىنتىڭ يېزىسىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى جاڭشىيەنىڭ ۋاقەسى ئادەتتىكى مىساللاردىن بىرسىدۇر. جاڭشىيەنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىدە ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئەمما 1954 ـ ژىلى كەلكۈنگە قارشى كۈرەش جەريانىدا، كېچە، كۈندۈز دەريانىڭ دامبىسىدا چىداشلىق بېرىپ، ئوزىگە دىققەت قىلماستىن ئەڭ خەتەرلىك يەرلەردە ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش، يەنە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرنى باشلاپ تاقغا چىقىپ بوز يەرلەرنى ئېچىش سەۋىدىن، سالامەتلىكىنى يوقۇتۇپ قويغان ئىدى. رايونلۇق كومىتېت ئۇنىڭغا ئېتىۋار بېرىپ، خاتىرجەم داۋالىنىشقا رۇخسەت قىلىپ، كۆز پەسلىدىكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتناشماسلىقنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئەمما قاتتىق قاردىن كېيىنكى ئاپەتنى ئويلاپ، چىداپ تۇرالماستىن، قاتتىق قارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى خەلقلەرگە ئوي بويىچە، ئائىلە بويىچە ياردەم قىلىپ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى. قاتتىق سوغوقۋە ئېغىر ئەمگەك قىلغانلىقتىن ئۇنى ئاغرىق يەنە بىر قېتىم يىقىتتى، لېكىن ئاغرىقى بىر ئاز ياخشى بولۇشى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۇ يەنە خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز يوسۇندا داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە 7 جان بولۇپ، تۇرمۇشى بەك قىيىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئاممە بەرگەن ياردەم پۇلىنى باشقا ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرگە بەرگەن. باشقىلار ئىلىشقا ئۇنىمىغان ۋاقىتتا ئۇ: «مەن ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان كادىر، ھەر ئايدا بىر يۈز ئەللىك مىڭ دوللار (كونا ئاقچا، تۇۋەندە ھەم شۇنداق تەھرىردىن) ياردەم پۇلى ئالىمەن، خوتۇنۇم بولسا تاش يانچىپ، قۇم توشۇيالايدۇ، ئائىلەمدىكى قىيىنچىلىقىمنى تامامەن ھەل قىلالىسامۇ، ئەمما ئۇمۇمەن سەندىن ئارتۇغراق. بۇ پۇلنى ئالدى بىلەن سەن ئىلىپ قۇرسۇغۇڭنى باق» دىگەن. جاسسەنگە ئوخشاش ياخشى ئەخلاقلىق خادىملار مەملىكىتىمىزدە ناھايىتى نۇرغۇن.

ئەمما دولەت ئورگانلىرىدىكى خادىملار ئىچىدە ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىغا كۆڭۈل بولمەيدىغان بيۇروكرات، زومىگەر، بۇيرۇقۋاز، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزۇدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. دولەت ئۇنداق ھەركەتلەرگە رۇخسەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇنداق ھەركەتلەر ئىغىر، يىنىك بولۇشىغا قارىماستىن، ھەممىسىمۇ دولەت ۋە خەلققە زىيان يەتكۈزۈدۇ. خەلق مۇشۇنداق ھەركەتلەرگە دۇچ كىلىپ قالغاندا، ھەر دەرىجىلىك دولەت ئورگانلىرىغا ئەرز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، زىيانغا ئۇچرىغان چاغلىرىدا، قانۇن بويىچە زىياننى تولۇتۇپ ئالىدۇ.

1951 ـ ژىلى، سەنشى ئولكىسىنىڭ گوشەن ناھىيىسىدە ھارۋىكەش جاڭ شۇكيۇ ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇر سۇڭ يۇدېنى پاش قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، بيۇروكرات ئۇنسۇرلارنىڭ قاتتىق توسالغۇسىغا ئۇچرىغان ئىدى. ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇر قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئىش ھەققىنى، يول راسخودلىرىنى تولۇتۇپ ئېلىش، توسالغۇلۇق قىلغان بيۇروكرات ئۇنسۇرنى ئەرز قىلىش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇنلىغان ئىدارىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ كېتىپ ژۈرگەن، ئۇمۇمەن ئۇ يىگىرمە يەتتى ئىدارىنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ ژۈرگەن، 15 مىڭ چاقىرىم يول ماڭغان، 2 ميلليون 400 مىڭ دوللار راسخود قىلغان، ئەمما مەسىلىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل قىلالمىغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ شۇ ۋاختتىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىمالىي جۇڭگو بيۇروسىغا بېرىپ ئەرز قىلغان، بۇ مەسىلە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىمالىي جۇڭگو بيۇروسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ قاتتىق چارە كۆرۈلگەن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ۋەزىپىسىگە ئېتىۋارسىز قارىغان بارلىق پارتىيىلىك كادىرلار جازاغا تارتىلغان، ھەمدە ھۆكۈمەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان خادىملارغا جازا بېرىش تەكلىۋى بېرىلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا، جاڭ شۇكيۇنىڭ بېرىپ ـ كېلىپ ژۈرۈپ خىراجەت قىلىپ بولغان 2 ميلليون 400 مىڭ دوللار پۇلى تۆلەپ بېرىلىپ، خاتىرجەم قىلىپ ژۇرتىغا قايتۇرۇلغان.

يەنە شۇنىڭدەك 1951 ـ يىلى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ كۆمۈر كان قۇرۇلۇش شوبە شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى لياۋجۇگۈي شىركەتتىكى بەزى كادىرلارنىڭ خىيانەتچىلىك ھەركەتلىرىنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن خىيانەتچى ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن زىيانداشلىققا ئۇچراپ، تۈرمىگە سولانغان، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، شىركەتتىن چىقىرىپ تاشلانغان، «3كە قارشى» ھەركەت جەريانىدا، سەنشى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، شۇئان سىچۈەن ئۆلكىسىگە كىشى ئەۋەتىپ لياۋجۇگۈينى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ خىيانەتچىلىككە قارشى ھەركىتىنى تەغدىرلەپ، خىزمىتىگە قايتا قويۇش بىلەن خىيانەتچى ۋە بيۇروكرات ئۇنسۇرلارغا تېگىشلىك جازالارنى بەردى. لياۋجۇگۈي سۆزىدە: «كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە زادى قانداق رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمنى بىلەلمەي قالدىم. بۇنىڭ ھەممىسى شۇنى ئىسپات قىلىدىكى، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ناھەق بولغانلار ئەرز دەردىنى ئېيتالايدۇ، بىرمۇ ياخشى ئادەم ناھەقچىلىككە ئۇچرىمايدۇ. بۇنى ئۆتمۈشتىكى رېئاكسىيون ھۆكۈمرانلىق دەۋر بىلەن زادى سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كوممۇنىستىك پارتىيىنى تېخىمۇ ئامدان تونۇدۇم. ئۆز ۋەتىنىمگە بولغان مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئاشتى» دېگەن ئىدى.

دۆلەت خەلقىنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان ۋە ئۆز

ۋەزىپىسىگە ئېتىۋارسىز قارىغان خادىملار ئۇستىدىن ئەرز قىلىش ھوقۇقىنى كاپالەتلەپ، ھېچقانداق ئادەمنىڭ بېسىشىغا ۋە زىيانداشلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. زىيانداشلىق قىلغان، باشقىلارغا زەربە بەرگەن ئادەمگە ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى قانچە ژۇقۇرى، سىڭدۇرگەن ئەمگىگى قانچە چوڭ بولمىسۇن خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن دولەت ئورگىنى ئۇنداقلارغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ. پارتىيىمىز ۋە خەلق ھوكۇمىتىمىز ئۇنداق قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ۋە ئوز ئىشىغا ئېتىۋارسىز قارىغان، خەلق ئىشىغا قىلچە مەسئۇل بولمىغان يەنە خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنى باسقان بيۇروكرات ئۇنسۇرلەرگە ئىنقىلاۋىي ئۇسۇللارنى قوللۇنۇپ چارە كورۇدۇ. ئەگەردە تەلىم-تەربىيىدىن ئوتۇپمۇ ئوزگەرمىگەن بولسا، ئۇلارنى رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا ھەقىقى يوسۇندا خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان خادىملارنى قويۇدۇ.

ژۇقۇرىدىكى فاكتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇ: بىزنىڭ دولەتىمىز خەلققە مەنسۇپ، دولەتىمىز ھەر قانداق خادىملارنىڭ ئاممىنىڭ قىينچىلىقلىرىغا كوڭۇل بولمەسلىگىگە، يەنە ھەر قانداق خادىملارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ۋە ئوز خىزمىتىگە مەسئۇلىيەتسىز قارىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. دولەتنىڭ خەلققە ئەرز قىلىش ھوقۇقىنى بېرىشىدىكى مەخسىدى، خەلق

ئامـمىسىنى ھەر دەرىجىلىك دولەت ئورگانلىـرىنىڭ خىزمەتـ
لىرىگە تېخىمـۇ ياخشى نازارەت قىلىش، دولەت ۋە خەلقنىڭ
مەنپەتىنى ھەقىقـى يۇسۇندا مۇھـاپىزەت قىلىش ئىمكانىيىتى
بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەتدۇر.

## III

## گراژدانلارنىڭ جىسمانى ئەركىنلىگىگە دەخىل قىلىنمايدۇ

جىسمانى ئەركىنلىك ـ گراژدانـلارنىڭ سىياسى ۋە ئىجتىمائى
ھاياتقا قاتنىششىنىڭ ئاساسىي شەرتى. گراژدانـلارنىڭ جىسـ
مانى ئەركىنلىگىگە كاپالەت بېرىلمىسە، ئۇ چاغدا باشقا ھەممە
سىياسى ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.
دولىتىمىزنىڭ كونسـتىتۇتسىيىسىدە: «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبـ
لىكىسى گـراژدانـلىرىنىڭ جىسمانى ئەركىنلىگىگە دەخـل
قىلىنمايدۇ. خەلـق سۇدىنىڭ قارارى ياكى خەلـق پروكۇراـ
تۇرىسىنىڭ تەستىقىسىز ھېچبىرگراژدان قولغا ئېلىنمايـدۇ».
«جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى گراژدانلىرىنىڭ تۇراق جايـ
لىـرىغا دەخىل قىلىنمايـدۇ؛ گـراژدانـلارنىڭ خەت ـ ئالاقە
مەخپىلىگى قانۇن بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. جۇڭخۇا خەلق
رېسپۇبلىكىسىنىڭ گراژدانـلىرى تۇرۇش ۋەكوچـۇش ئەركىنـ

لىگىگە ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن.

كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە، پەقەت بۇرژۇئازىيىلا ھەددىدىن زىيادە «جىسمانى ئەركىنلىك» لەرگە، ئەمگەكچى خەلقلەرنى روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن ئېزىش، ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلىش ۋە ھاقارەتلەش «ئەركىنلىك» لىرىگە ئىگە، ئەمگەكچى خەلقلەر بولسا، جىسمانى ئەركىنلىككە ئىگە ئەمەس.

ئا ق ش دا ھوكۇمران گۇرۇھلار ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ جىسمانى ئەركىنلىگىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن چەكلەيدۇ. بولۇپمۇ ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن تېخىمۇ ئاشكارا سورەتتە فاشىستلارچە ھوكۇمرانلىق ژۈرگۈزۈپ، ئەمگەكچى خەلقلەر ۋە دېموكراتىك ئىلغار ئادەملەرگە يەنىمۇ زۇلۇم سالدى. ئا ق ش دا دولەتنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىگىدە 3 چوڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى: فېدراتسىيىلىك تەكشۈرۈش بيۇروسى، ئاۋام پالاتانىڭ ئاتتى ئامېرىكا ھەركەتلىرىنى تەكشۈرۈش كومىسسىيىسى ۋە سىناتنىڭ دايىملىق تەكشۈرۈش كومىسسىيىسى بار. فېدراتسىيىلىك تەكشۈرۈش بيۇروسىنىڭ جاسۇسلىرى قولىدا تۇتقۇنغا ئېلىش بىلېتى بولمىسىمۇ ئادەملەرنى ئۆز ئىختىيارلىرىچە قولغا ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈندۈلۈك ئىشى دېموكراتىك ئادەملەرنى تەكشۈرۈش ۋە قولغا ئېلىش، تېلېفوندا سوزلەنگەن سوزلەرنى ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاش، خەتلەرنى ئېچىپ قاراش قاتارلىق پەس ئۇسۇللار بىلەن خەلقنىڭ پىكرى ۋە

www.uyghurkitap.com

سوزىنى ئۇقۇش ھەمدە ئۇلارغا زۇلۇم كورسۇتۇشدۇر. ئاقش رىياكسون باشلىقلىرىنىڭ بىرسى بولغان فېدراتسىيىلىك تەكشۇرۇش بيۇروسىنىڭ باشلىقى ئېدگار. گوۋېر ئوز ئاغزى بىلەن ماختىنىپ: بىر بۇيرۇق بىلەنلا 500 مىڭ تەرەققىي پەرۋەر ئادەمنى بىر يوللا تۇگەل قولغا ئالدۇرالايمەن دېگەن. 1947 ـ ژىل مارتتا ئاقش ھوكۇمىتى «ساداقەتلىكنى تەكشۇرۇش» دەپ ئاتالغان تەكشۇرۇشنى ژۇرگۇزۇپ، ئاقش خەلقىدىن ئوز دېموكراتىك ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىپ، فاشىست ھوكۇمەتكە ساداقەتلىك كورسۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. كېيىنكى بەش ژىل ئىچىدە ئاقش گراژدانلىرىدىن 3 مىلليون ئادەم جاسۇسلۇق ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەكشۇرۇلدى، 500 مىڭ ئادەم ئاقش ھوكۇمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تولۇق ئىتائەت قىلمىدى دېگەنلىك بىلەن خىزمەتسىز قالدۇرۇلدى. ئاقش ھوكۇمىتى يەنە 1953 ـ ژىلى ئىيۇندا ئامېرىكىلىق ھەققانىيەتچى ئىككى تېچلىق جەڭچىسىنى ـ روزېنبېرگ فامىلىلىك ئەر ـ خوتۇننى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئولتۇردى.

ئاقش دا، گراژدانلارنىڭ تۇراق جايلىرىغا خالىغانچە دەخلى قىلىنىدۇ، ئاقش قانۇنچىسى فرانك ـ ئولشو: «بىر ئادەمنىڭ تۇراق جايى، ئۇنىڭ سېپىلى ئەمەس، كونستىتۇتسىيىدە گەرچە شۇنداق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىياتتا ساخچىلار تىنتىپ تۇرۇدىغان ئەخلەت ساندۇغى!...» دېگەن.

بۇنىڭدىن كورۇشكە بولۇدىكى، ئاقش دا جىسمانى ئەركىنـ
لىك يوقدۇر.

كونا جۇڭگودىمۇ ئەمگەكچى خەلقلەردە جىسمانى ئەركىنلىك
يوق ئىدى. جاڭكەيشى گومىندىڭى ھوكۇمرانلىق قىلغان ۋاخـ
تىدا، ھەممە جاينى تېررورلۇق قاپلىغان بولۇپ، گومىنداڭ جاـ
سۇسلىرى، ژاندارمىلىرى، ساقچىلىرى خەلقلەرنىڭ تۇراق جايـ
لىرىغا خالىغانىلىرىچە ئۇسۇپ كىرىپ، ئىلغار دېموكراتىك ئاـ
دەملەرنى قانداق كەلسە شۇنداق تىنتىپ تەكشۇرەتتى ۋە قولغا
ئالاتتى. گومىنداڭ «پوچتا ــ تېلېگراپ تەكشۇرۇش ئىدارىسى»
خەلقنىڭ خەتلىرىنى ئوز ئىختىيارلىرىچە ئېچىپ كورەتتى،
ئەگەر بۇ خەتلەردىن رىياكسون ھوكۇمەتكەنسۇتەن سەل نارا-
زىلىق سېزىلىپ قالسلا، خەتنىڭ ئىگىسىنى قولغا ئالاتتى.
جاڭكەيشى گومىندىڭى پۇتۇن مەملىكتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايـ
لاردا سانسىز سىياسى لاگېر ۋە تۇرمىلەرنى قۇرۇپ توپ ــ توپ
كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر خەلققە زۇلۇم قىلدى ھەمـ
دە ئۇلارنى قىردى. سىياسى لاگېرلار ۋە تۇرمىلەردە ئۇزۇن
مۇددەتلىك ئېغىر جىسمانى ئەمگەك ۋە پاجىەلىك قىيناش ئۇـ
سۇللىرى بىلەن ئىنقىلاۋىي خەلقنى ئەزدى، نۇرغۇنلىغان ئادەمـ
لەر تۇرلۇك پاجىەلىك قىيناشلار جەريانىدا ئولۇپ كەتتى.
لەنجۇ شەھرىنىڭ شىنگۇەن دىگەن جايىدىكى گومىنداڭنىڭ186ـ
مەخپى تۇرمىسىدىن قېچىپ چىققان بىر ئادەم بىر ياشنىڭ زۇـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لۇم تارتىش ئەھۋالىنى سوزلەپ بەرگەن، ئۇ: «بانكا خىزمەتچىسى جاڭ شىرۇڭ ، ئەنخۇيلۇق 24 ياشلاردىكى ۋەتەنپەرۋەر بىر ياش ئىدى، بىر نۇسخە «كاپىتال»نى يوشۇرۇپ ساخلاپ قويغانلىغى ئۈچۈن قاتتىق تاياق يەپ، تۈرمىنىڭ ئىچىدە ئۆلدى» دەيدۇ. جاڭ كەيشى گومىندىڭى خەلقنى ئەنە شۇنداق پاجەلىك ئۇسۇللار بىلەن باستۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قانلىق ھوكۈمرانلىغىنى ساخلاپ كەلدى.

جۇڭگو خەلقى ئۇزۇن ۋاختلار كۇرەش قىلىپ گومىنداڭنىڭ رىياكسىون ھوكۈمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئاندىن ھەقىقى جىسمانى ئەركىنلىككە ئىگە بولدى. مەملىكىتىمىزدە ھەر قانداق گراژدان خەلق سودىنىڭ قارارىسىز ياكى خەلق پروكوراتورىسىنىڭ تەستىقىسىز قولغا ئېلىنمايدۇ. مەملىكىتىمىزدە گراژدانلارنىڭ تۇراق جايىغا ھېچكىممۇ دەخلى قىلالمايدۇ. گراژدانلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى، دوستلىرى، ئائىلىسىدىكى ئادەملىرى ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن خەتلىشەلەيدۇ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىش ھەقىقى يوق. گراژدانلىرىمىز يەنە تۇرۇش ھەم كوچۇش ئەركىنلىكلىرىگە ئىگە. بۇ ئەركىنلىكلەر دولەت قانۇنى بىلەن ھىمايە قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئادىل جامائەت پىكىرلىرىنىڭمۇ ھىمايىسىگە ئىگە. شۇڭلاشقا، مەملىكىتىمىزدە ھەربىر گراژدان كۈندۈزى خوشال-خورام خىزمەت قىلىپ، كېچىسى تېنچ ۋە خاتىرجەم دەم ئالالايدۇ،

خەت يازغۇسى كەلسە، خەت يازىدۇ، قايسى جايدا قوزغالماي تۇرۇمەن دېسە، شۇ جايدا تۇرالايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئىنقىلاۋىمىزنىڭ غالىبىيەت قازانغانلىقى، خەلقىمىزنىڭ دۆلەتنىڭ ھەقىقى ئىگىلىرىگە ئايلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

دۆلىتىمىز — خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت دۆلەت، شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان گراژدانلارنىڭ جىسمانى ئەركىنلىگىنى قوغدايدۇ. ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇرلارغا جىسمانى ئەركىنلىك بېرىلمايدۇ، چۈنكى، ئەگەر دۈشمەنگە سېتىلغان، ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغان ئادەملەرگە جىسمانى ئەركىنلىك ھوقۇقى بېرىلسە، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ، خەلقنىڭ ئىشلىرىنى بۇزىدۇ. قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان گراژدانلارنىڭ جىسمانى ئەركىنلىگى ۋە باشقا دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئىنقىلاۋى تەرتىپ ۋە جامائەت خەۋپسىزلىگىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن دۆلىتىمىز ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇرلارغا نىسبەتەن بېسىقتۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىش شەرت. ئانداق قىلمىغاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ جىسمانى ئەركىنلىگىگە زىيان يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت خەۋپسىزلىگى ئىدارىلىرىنىڭ ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇرلارنى قولغا ئېلىشى، نەزەربەن قىلىشى ياكى ئۇلارنىڭ تۇراق جايلىرىغا كىرىپ تىنتىش ژۈرگۈزۈشى، ئۇلارنىڭ ئېلىش — بېرىش قىلغان خەتلىرىنى تەكشۈرۈشى، ئۇ-

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ تۇرۇش ۋە كوچۇشلىرىنى چەكلىشى، جىسمانى ئەركىنـ
لىكىگە دەخىل قىلىشى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ، بەلكى، خەلقنىڭ
جىسمانى ئەركىنلىكىگە كاپالەت بەرگەنلىك بولۇدۇ. جىنايەت
قىلىشقا ھازىرلىنىۋاتقان ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇرلارغا، ئۇلار
تېخى ئۆزلىرىنىڭ جىنايى ھەركىتىدە كوزلىگەن مەخسەتلىرىگە
يەتمىگەن ۋاختتا، ئۇلارنىڭ ئۇستى-بېشى ۋە تۇراق جايلىـ
رى بويىچىمۇ تەكشۇرۇش-تىنتىش ئېلىپ بارىدۇ. ھەتتا ئۇـ
لارنى نەزەربەنىلىككە ئالىدۇ. بۇمۇ جىسمانى ئەركىنلىككە
دەخلى قىلغانلىق بولمايدۇ. مەسىلەن، 1951-ژىل ھوكۇم كېـ
سىلگەن ئاق ش جاسۇسى لى ئەندۇ ئىڭنىڭ ئاممە نامايىش قىلغاندا
تيەنئەنمىننى توپقا تۇتۇشقا ئۇرۇنغان ۋاقەسىدە، جامائەت خەۋپـ
سىزلىگى ئىدارىلىرى ئۇلارنى ئالدىن قولغا ئالغان. ئۇنداق قىلـ
ماي ئۇلار جىنايەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قولغا ئېلىنـ
غان بولسا ئىدى، ئۇندا پارتىيە ۋە دولەتنىڭ رەھبىرىي خادىمـ
لىرى ھەم نامايىش قىلغان ئاممىنىڭ جېنىنىڭ ئامانلىقىغا زىيان
يەتكەن بولاتتى. ئەلۋەتتە، ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ
ئۆزلىرىنى نەزەربەنىلىككە ئالغان، قولغا ئالغان ۋەتۇرار جايلىرىـ
نى تىنتىگەن چاغلاردا، مەلۇم قانۇنىي تەرتىپ كېرەك.

## IV

## گراژدانلارنىڭ دىنى ئېتىقات ئەركىنلىگى

دىنى ئېتىقات ئەركىنلىگى-گراژدانلارنىڭ شەخسى ئەر-

كىنلىك ھوقۇقى، دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە: «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ گراژدانلىرى دىنى ئېتىقات ئەركىنلى- گىگە ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن.

كاپىتالىستىك دولەتلەردىمۇ، گەرچە كورۇنۇشتەدىنى ئېتى- قات ئەركىنلىگى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىياتتا، ئۇ دولەتلەر دىنىنى تەرغىپ قىلىدۇ، دىنىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم- لەرگە زۇلۇم قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەب-ۋى، كاپىتالىستىك مەملى- كەتلەردە مۇتلەق كوپچۇلۇك دىنى جەمئىيەتلەر رېاكسىون كۈچ- لەرنىڭ تاياىنچى، ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ ئىلغار دېموكراتىك ھەركەتلەرنى بوغۇش قۇرالى.

ئاقش‌دا رېاكسىون ھوكۇمران سىنىپلاردىنىنى تەرغىپ قىلىدۇ، دىنىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرگە زۇلۇم قىلىدۇ. مەسىمە- لەن، 1925 ـ يىل ئاقش‌نىڭ دادۇن شەھىرىدەسكاپ ئاتلىق بىرمۇئەللىم دەرىسخانىدا دارۋىننىڭ ئېۋالىيوتسىيە نەزىرىيىسىنى سوزلەپ، ئىنسانلار ئادەم تەخلىتىدىكى مايمۇنلاردىن تەدرى- جى تەرەققى قىلىپ كېلىپ چىققان دەپ سوزلىگەندە، ئەسلى بۇ سوز ئىلىم-پەن تەرىپىدىن تەستىقلانغان ھەقىقەت بولسىمۇ، لېكىن ئىنجىلدە ئېيتىلغانغا ئوخشاش بولمىغانلىغى ئۈچۈن سوز تەرىپىدىن جىنايەتكار دەپ ھوكۇم قىلىنغان. يەنە 1948 ـ يىل ئەتىيازدا ئاقش‌دا «نېيىشىن» ①دىگەن

① نېيىشىن ـ ئۇيغۇرچە مەنىسى مىللەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر ژۇرنال دىننى تەنقىت قىلغان بىر قانچە ماقالىنى باسقانلىقى ئۈچۈن، بىر شەھەردە تارقىلىشى مەنئى قىلىنغان.

ئاق ش دا ھەتتا دىندىن پايدىلىنىپ جاسۇسلۇق قىلىدىغان ئىشلار بار. ئاق ش ئارمىيىسىدە ئەسكەرلەر بىللە بىللەن ژۇرۇدىغان مىسسونېرلار بار. ئۇلاردا ھەربى ئېنۋان بولۇدۇ. ئۇلار ئارمىيىدە بىر تەرەپتىن ئاق ش نىڭ تەجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ساخلاپ، ئەسكەرلەرنى ئالداپ، ئۇلارنى باشقا مەملىكەت خەلقلىرىنى قىرىش ھەم بۇلاشقا رىغبەتلەندۇرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قاچان ۋە ھەر جايدا ئەسكەرلەرنىڭ پىكرىنى چۈشۈنۈپ، ئەسكەرلەرنىڭ ھەركەتلىرىنى تەكشۇرۇپ بارىدۇ، ھەمدە بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلىرىنى ئالايىتە ئىشلەنگەن جەدۋەللەرگە توشتۇرۇپ، قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىرىغا دوكلاد قىلىپ تۇرۇدۇ.

كونا جۇڭگودا گومىنداڭنىڭ رىياكسون ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا دىنى ئېتىقات ئەركىنلىگى قاتتىق ئاياق ئاستى قىلىندى. رىياكسون ھوكۇمران سىنىپلارمۇ «دىنى ئېتىقات ئەركىنلىگى» دەپ جار سالسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت دىنى ساھەدىكى ژۇقۇرى قاتلام ئادەملىرىنى قىلتاقىقا چۈشۈرۈش ۋە دىنغا ئىشەنگۈچى ئاممىنى ئالداش ئۈچۈنلا بولۇپ، ئەمەلىياتتا ئۇلارمۇ دىننى ئەمگەكچى خەلقلەرگە ھوكۇمرانلىق قىلىشنىڭ قورالى قىلاتتى. ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئېتىقات قىلىدىغان دىنىنىڭ باشقا - باشقا

بولۇشى ۋە بىر دىنىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى مەزھەپلەرنىڭ پەرقىدىن پايدىلىنىپ، ئارىغا ئىغۋا سالاتتى. بولگۇنچىلىك تۇغدۇراتتى، شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار تارىختا ئۇزۇن مۇددەت دىن بىلەن دىن، مىللەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا ئۆچمەنلىكلەرنى تۇغدۇرۇپ، خەلقلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن ئېغىر ئازاپلارغا سالدى، بۇلا ئەمەس، جاڭكەيشى گومىندىڭى يەنە ئارمىيىلىرىدىن پايدىلىنىپ دىنىنى ئاياق-ئاستى قىلدى، مەسىلەن، ھامان لامالارنى قىرىپ كەلگەن جاللات مابۇفاڭ بىلەن ئۇنىڭ بالىسى چىڭخەيدىن ئەسكەرلىرىنى ئىۋەتىپ «زاڭگۇەنبا»، «جۇجىيە»، «سەيلاۋ» «لابۇلىڭ» قاتارلىق ئىبادەتخانىلارنىڭ ھېچنىمىسىنى قويماي بۇلاپ ئالدى، جۇجىيە ئىبادەتخانىسىنىڭ بامبوكتىن ئىشلەنگەن تۇغ ساپلىرىدىن لامالارنىڭ بېشىنى ئاسىدىغان كرىس ياسىدى، لابۇلىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ بۇددىزىم ئالىمى «گۇڭتاڭلوجە»نىمۇ پاجىئەلىك تۇردە ئولتۇردى.

گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا ئىسلام دىنىغا ئىشەنگۈچىلەرمۇ ئوخشاشلا ئاياق ئاستى قىلىندى ۋەزۇلۇم كوردى، بىر ئۇيغۇر، ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار خەتەرلىك ئادەملەر دەپ سانالدى، دىگەن. جاڭكەيشى گومىندىڭى دائىم ئەسكەرلىرىنى ئىۋەتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ مېچىتلىرىنى خالىغانلىرىچە بۇلايتتى، خالىسا مېچىتنى ئىگەللەپ كازارما قىلىۋالاتتى. ھەتتا

ئىسلام دىنى بويىچە هارام دەپ سانالغان هايۋانلارنى مېچىتلەرگە ئېلىپ كىرىپ باقاتتى. ئاخۇنلار، موللىلارنى هارام دەپ سانالغان يىمەكلەرنى يېيىشكە مەجبۇرقىلاتتى، ئىسلام دىنى بويىچە ئېيتىش كۇفۇرلۇك بولغان سوزلەر بىلەن موئتەبەر ئادەملەر، ۋىجدانلىق ئايالLار ۋە مەئسۇم باللارنى تىللاپ هاقارەت قىلاتتى. روزى ۋە قۇربان هېيتلىرى كەلگەن چاغلاردا، گومنداڭنىڭ رىياكسون ئارمىيىلىرى مېچىتلەرنىڭ دارۋازىسى ئالدىدا هەربى هالەت ئېلان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى مېچىتكە كىرالماس، ئوز بايراملىرىنى خاتىرجەم ئوتكۈزالماس قىلىپ قوياتتى. جاڭ كەيشى گومىندىڭى ئەنە شۇنداق چارىلار بىلەن هەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ دىنىنى دەپسەندى قىلدى، هەر مىللەت خەلقلىرىدە دىنى ئېتىقات ئەركىنلىگىنىڭ بولۇشىغا يول قويمىدى.

يېڭى جۇڭگودا ئەهۋال پۈتۈنلەي ئوزگەردى. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇمۇمى پروگراممىدا خەلقلەرنىڭ دىنى ئېتىقات ئەركىنلىگى بەلگىلەندى، هازىر كونستىتۇتسىيىدە، ئۇ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ بەلگىلەندى. دولىتىمىزنىڭ گراژدانلىرى هەر قانداق دىنگە ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىگىگە ئىگە، بۇ دىنگە ئېتىقات قىلماي، ئېتىقادىنى ئوزگەرتىپ، باشقا دىنگە ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىگىگە ئىگە، مەيلى سەن بۇددا دىنىگە ئېتىقات قىلامسەن ياكى ئىسلام دىنىگىمۇ، خرىستيان دىنىگە ئىشىنەمسەن ياكى

كاتولىك دىنىگىمۇ، ياكى ھېچبىر دىنىگە ئىشەنمەيدىغان ئاتېىزىم تەراپدارىمىسەن، ئۇنىڭدىن قەتئىي نەزەر، دولەت ھەممىگە بىردەك قارايدۇ. باپ- باراۋەر مۇھاپىزەت قىلىدۇ. چۇنكى دىنى ئېتىقات گراژدانلارنىڭ شەخسى ئىشى، شۇڭلاشقا دولەت گراژدانلارنىڭ دىنى ئېتىقادىغا ئارىلاشمايدۇ، لېكىن دولەت ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ دىننى پەردە قىلىپ، خەلققە قارشى ھەركەت قىلىشلىرىغىمۇ يول قويمايدۇ. شۇڭا، دولىتىمىزنىڭ گراژدانلىرىنىڭ ھەقىقى دىنى ئېتىقات ئەركىنلىگى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگىدۇر.

ھوكۇمىتىمىز دىنى ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلدى، شۇنىڭ ئۇچۇن پۇتۇن مەملىكىتىمىزدىكى خەلق بولۇپمۇ دىنىگە ئىشىنىدىغان خەلقنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئىگە بولدى. جوڭگو بۇددا جەمئىيىتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى شىراۋجاسو مۇنداق دەيدۇ: «بىز دىن ئەھلى، خەلق ھوكۇمىتىنىڭ دىنى ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىگە ئاساسلىنىپ دىنىگە قوللانغان مۇھاپىزەت قىلىش تەدبىرلىرىدىن چوڭقۇر مىننەتدارمىز. مەسىلەن: بۇددا دىنىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، پايتەختىمىزدىكى يۇڭخېگوڭ لامالار ئىبادەتخانىسى ئۆتكەن ۋاختلاردا رېمونت قىلىنماي، ھۇجرىلىرى ناھايىتى كونىراپ كەتكەن ئىدى؛ ئازاتلىقتىن كېيىن ھەربىر جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن ياخشى ئۇستىلارنىڭ كۈچۈل قويۇپ رېمونت قىلىشلىرى

www.uyghurkitap.com



بىلەن، يۇگىچىگۇگىنىڭ رەسىم ۋە ئويۇپ ياسالغان نەرسىلىرى ئاۋالقىدەك يېڭى تۇسكە كىردى، بوياق ۋە سىرلىرى پاقىراپ كەتتى، تاملىرى قىزىلغا بويالدى. پاقىراپ تۇرغان سىرىق خىش قويۇلىدى، ئالتۇندەك پاقىراپ تۇرۇدىغان رەڭگى بۇرۇنقى ھالىغا كەلدى. پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە داڭقى بار 4 ئاتاغلىق تاغنىڭ بىرسى، موڭغۇل، تىبەت قاتارلىق ئازسانلىق مىللەتلەر ئىبادەت قىلىدىغان مۇقەددەس ئورۇن ــ ئۇتەيسەن دۇشمەنلەر ۋە قورچاق ھوكۇمەتلەر ۋاقتىدا، ئۇرۇش ئاپىتى بىلەن بۇزۇلغان، نەچچە مىڭ ژىللاردىن بىرى ژىقىلغان بۇددا قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەممىسى كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، يەنە رېمونت قىلىندى. مۇقەددەس جايىمىز بۇرۇنقى تەنتەن ئەكسىگە قايتا كىردى. بۇلاردىن باشقا مەسىلەن: خاڭجۇدىكى لىڭيۇنسى ئىبادەتخانىسى ھەم باشقا ئولكىلەردىكى نۇرغۇنلىغان بۇتخانىلارمۇ ھەممىسى رېمونت قىلىندى.»

1952 ــ ژىلى تىبەتتىن كەلگەن سالام بېرىش ئۆمىگىنىڭ باشلىقى لىيۇشا، تودگىتا باموز: «دىنى ئېتىقات ئەركىنلىكى، ئىبادەتخانىلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئورپ ــ ئادىتىگە ھورمەت قىلىش مەسىلىسىدە ھېچقانداق ئەندىشە قىلمىساقمۇ بولىدۇ. ئوتمۇشتە ئىمپېرىيالىستلار ۋە رىاكسىيونلار ئېغۋا تارقىتىپ، كوممۇنىستلار دىنغا ئېتىقات قىلىشقا يول قويمايدۇ، دىنغا ئېتىقات قىلغۇچىلار يوقۇتۇلىدۇ، دەپ

تەشۋىق قىلغان ئىدى، بۇنىڭ ھەممىسى يالغان ئىكەن. بىزنى دىن بىلەن باغلىنىشلىق سىياسى، ئىختىسادىي ۋە مەدىنى جەھەتلەردىن ئېزىپ تەرەققى قىلدۇرۇشقا يول قويمىغانلار، باشقىلار ئەمەس، خۇددى ئىمپېرىيالىزم ۋە رېاكسىونلارنىڭ ئۆزلىرىدۇر. كومپارتىيىنىڭ ئۆزىگەرچە دىنگە ئىشەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇ دىنى ئېتىقات ئەركىنلىكىگە دەخلى قىلمايدۇ، يول قويىدۇ» دىگەن.

## V

## گراژدانلارنىڭ ئىختىسادىي ھوقۇقلىرى

دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە گراژدانلار ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىغا، ئەمگەكچىلەردەم ئېلىش ھوقۇقىغا، ئەمگەكچىلەر قېرىغاندا، كېسەل بولغاندا ياكى ئەمگەك ئىختىداردىن قالغاندا ماددى ياردەم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەنگەن، گراژدانلارنىڭ ئىختىسادىي ھوقۇقلىرى ئۇلارنىڭ باشقا ھەممە ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلىرىنىڭ ماددى ئاساسىدۇر. كاپىتالىستىك ئەللەردە ئەمگەكچى خەلقلەر ھېچقانداق ئىختىسادىي ھوقۇققا ئىگە ئەمەس. پەقەت س.س.س.ر.دا، ئېلىمىزدە ۋە خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرىدىلا ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئىختىسادىي ھوقۇقلىرى تەمىن ئېتىلگەن، شۇنىڭدەك دولەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز رېۋاجلىنىشى بىلەن بۇ ھوقۇقلارمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى


(1) ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى

دۆلىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە: «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ گراژدانلىرى ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. گراژدانلارنىڭ بۇ ھوقۇقتىن بەھرى ئېلىشىغا كاپالەت بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق رىۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئەمگەكچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنى پەيدىن-پەي كېڭەيتىدۇ، ئەمگەك شارائىتلىرىنى ۋە ئىش ھەققىنى ياخشىلايدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن. گراژدانلار ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە دېگەنلىك — گراژدانلار ئىش قىلىش ھوقۇقىغا ۋە ئەمگەكنىڭ سانى ھەم ساپاسىغا قاراپ ھەق ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە دېگەنلىكتۇر. ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن ئەڭ جانىجان مەسىلىدۇر.

كاپىتالىستىك ئەللەردە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئۇندا زاۋۇت، فابرىكا، كان، يېزا ئىگىلىك فېرمىلىرى قاتارلىق ھەممە ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى بۇرژۇئازىيە ئىگىلەپ ئالغان. ئۇلار ماكسىمال پايدا ئۈندۈرۈپ ئېلىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىشنى قارىغۇلارچە ئېلىپ بارىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇق بولۇپ قالىدۇ، ئىقتىسادىي بوھران پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە مىڭلىغان، مىللىونلىغان ئىشچىلار ئىشسىز قالىدۇ. ئادەتتىمۇ، بۇرژۇئازىيە ئارزان ئەمگەك

كۈچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىشسىزلىكنى تۇگۇتۇشنى خالى‐ مايدۇ. 1950 ‐ ژىلى مارت ئېيىدا ئېلىنغان تىزىمغا قارىغاندا ئا‐ قىش دا پۈتۈن ئەل بويىچە، ئىشسىز قالغان ئادەملەر 8 مىللىون، يېرىم ئىشسىزلار 10 مىللىون كىشى بولغان.

كاپىتالىستىك ئەللەردە ئىشلىك ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك شا‐ رايىتلىرى ناھايىتى ناچار بولۇدۇ. كاپىتالىستلار كۈن بويى كەيىپ ‐ ساپا سۈرۈدۇ، ئىشچىلار بولسا ھاۋاسى يېتىشمەيدىغان تار، ئەمگەكنى خەۋپسىزلەندۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى يوق زاۋود‐ لاردا ئىشلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشچىلاردىن يارىدار بولغان ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ناھايىتى كوپ بولۇدۇ. 1939 ‐ ژىلى ئا‐ قىشنىڭ زاۋود، فابرىكا، كارخانىلىرىدا 1 مىللىون 600 مىڭ بەختسىز ھادىسە توغۇلۇشى نەتىجىسىدە 16 مىڭ 400 ئادەم ئولۇپ كەتكەن ياكى ئىش قىلىش قابىلىيىتىدىن تامامەن مەھ‐ رۇم بولۇپ قالغان.

ئىش ھەققى ۋە تەمىنات جەھەتتە: مونوپولىست كاپىتالىستلار تۈرلۈك تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئوزقوللىرىدا تۇتۇۋېلىپ، مال باھا‐ سىنى ئۈزلۈكسىز ژۇقۇرى كوتەرگەنلىكتىن ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى قاتتىق قىيىنچىلىق ئاستىدا بولۇدۇ. مەسىلەن: 1947 ‐ ژىلدا ئا‐ قىشدا يىمەك نەرسىلەرنىڭ باھاسى 40% ئورلىگەن بولسىمۇ، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئاشۇرۇلمىدى. ئاقىش ئىشچىلىرىنىڭ كوپچىلىگى تار‐سىبىسىق، زەي‐ ئەسكى ئويلەردە تۇرۇدۇ. نيورۇق

«قوياش» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ۋىيۇ: بۇ ئويلەر «تاملىرىمۇ ژىغلاپ كوزىدىن ياش توكۈپ تۇرۇدىغان ئويلەردۇر» دەپ يازغان ئىدى. لېكىن شۇندىمۇ، ئىشچىلار ئوز ئىش ھەققىلىرىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىنى ئوي ئىجارە ھەققى ئۈچۈن تولەيدۇ.

بۇنىڭدىن كورۇشكە بولۇدىكى، كاپىتالىستىك ئەللەردە ئىشچىلار پەقەت ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلىنىش «ھـوقۇقى» غىلا ئىگە، ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس.

كونا جۇڭگودا ئەمگەكچى خەلقلەر ھايۋاندىنمۇ پەس تۇرمۇش كەچۈردى، ئىشسىز ۋە ئاچ قېلىش «ھوقۇقى» غىلا ئىگە بولدى. 1946 ـ يىلىدا جاڭ كەيشى گومىنداڭنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان رايونىدا، 19 ئولكىدە ئاچارچىلىق ھوكۇم سۈرۈپ 30 مىللىون ئادەم ئاچ قالدى ۋە ھالاك بولدى. شۇ چاغلاردا خىزمەت ئىزدەپ، ئىش سوراپ يېزىلغان ئېلانلار گېزىت بەتلىرىگە توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلارمۇ خىزمەت تاپالمىدى، ئۇلاردىن بەزى ئادەملەر 3 چاقلىق رىكشا تارتىشقا، تاماكا سېتىشقا مەجبۇر بولدى. ئىشسىز ئادەملەر ھەممىلا جايدا يولۇقاتتى. ئەھۋال شۇنداق پاجىئەلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن خوشاللىق ئالىدىغان بيۇروكرات كاپىتالىستلار: «ئۈچ پۇتلۇق پاقىنى تېپىش تەس، ئىككى پۇتلۇق ئىشچى دىسەڭ ساماندەك، قامچاكىنى بىر تولغىساڭ، بىر توپىنى تاپالايسەن» دىيىشەتتى. كونا جۇڭگودا

خەلقىنىڭ هال ئەهۋالى ئەنە شۇنداق ئىدى. بۇنداق ئەهۋال ئاستىدا ئەمگەك قىلىش هوقۇقىدىن هېچقانداق سوز ئېچىش بولمايتتى.

جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى قۇرۇلۇشى بىلەن گراژدانلىرىمىز ئەمگەك قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بولدى. ئەمگەكچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالساق، ئىمپېرىيالىزمنىڭ ئۇزاق زامان تەجاۋۇز قىلىشى ۋە جاڭكەيشى گومىنداڭچىلىرىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان رىياكسون هوكۇمرانلىقى نەتىجىسىدە، يالغۇز خەلق ئىگىلىگى قاتتىق ۋەيران بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئېغىر ئىشسىزلىق هادىسىلىرىمۇ كېلىپ چىققان ئىدى. جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن دولەتنىڭ كەڭ كولەمدىكى ئىگىلىك ئىشلىرىنى قايتىدىن تىكلىشى ۋە رېۋاجلاندۇرۇشى ئارقىسىدا ئىشسىز بولۇپ كەلگەن گراژدانلار ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشقا باشلىدى، 1950 ـ ژىل ئىيۇندا مەركىزىي خەلق هوكۇمىتى مەمۇرى ئىشلار كېڭەشى «ئىشسىز ئىشچىلارغا ياردەم بېرىش هەققىدە بۇيرۇق» تارقاتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەركىزىي خەلق هوكۇمىتى ئەمگەك مىنىستىرلىگى يەنە «ئىشسىز ئىشچىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىلىرى»نى تارقاتتى. دولەتنىڭ خەلققە چەكسىز غەمخورلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە 1950 ـ ژىل ئىيۇلدىن 1953 ـ ژىل دېكابىرغىچە هەر دەرىجىلىك ئەمگەك ئورۇنلىرى تەرىپىدىن جايلاردىكى زاۋۇد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


فابرىكا، كان قاتارلىق ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە تونۇشتۇرۇلغان ئادەملەرنىڭ سانى 2 مىليون 73 مىڭدىن ئاشتى. ئىشسىزلىق ھادىسىسى نۇرغۇن دەرىجىدە يېنىكلەشتى. مەلۇم ۋاقىتقىچە ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن، لېكىن تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولغان ئىشسىزلارغا دۆلەت ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قەدر ئەھۋال ھەل قىلدى. بۇندىن كېيىن دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى كۈندىن-كۈنگە رىۋاجلىنىدۇ، ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەملەرنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە ئاشىدۇ، ئىشسىزلىق ھادىسىسىمۇ پەيدىن-پەي ھەل قىلىنىدۇ.

ئىلىمىزدە ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك شارائىتلىرىغىمۇ دۆلەت ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈدۇ. كونا جۇڭگودا «ئىشچىلارنى ئىشلەتسىلا بولدى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى». «پەقەت ماشىنىلارغىلا ئەھمىيەت بېرەتتى، ئادەمگە ئەھمىيەت بەرمەيتتى». لېكىن بىزنىڭ دۆلىتىمىز ئادەملەرنى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق دەپ قارايدۇ. نەچچە ژىلدىن بويان دۆلەتنىڭ زاۋۇت، فابرىكا، كان، كارخانىلىرىدا خەۋپسىزلىك ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئۈسكۈنىلىرى كۆپ دەرىجىدە ياخشىلاندى. مەسىلەن: ماشىنا بىلەن ھاۋا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى قوللانغان خاڭلار پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 90% نى تەشكىل قىلىدۇ، بەزى جايلاردا 100% كە يېتىپ باردى. توقۇمىچىلىق سانا-

ئىستىدىمۇ تېمپىراتورىنى پەسەيتۇرىدىغان ئىسسىقتىن ساخلىنىش
ئۈسكۈنىلىرى قوللۇنۇلدى. شەرقىي شىمال رايونىنىڭ كومۇر كان-
لىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق 6 ئاساسىي سانائەت سىستېمى-
سىنىڭ تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1952 ـ ۋە
1953 ـ ژىللاردا ئەمگەك شارايىتلىرىنى ياخشىلاش ئۇچۇن 293
ملليارد 950 مىلليون دوللار سەرىپ قىلىنغان. مەركەزدىكى ھەر
قايسى مىنىستىرلىكلەرنىڭ 1954 ـ ژىلدىكى تولۇق بولمىغان ستا-
تىستىكىسىغا قارىغاندا خەۋپسىزلىك تەدبىرلىرى پلانىغا سەرىپ
قىلىنغان خىراجەت 396 ملليارد 600 مىلليون دوللارغا يەت-
كەن. ئىشلەپچىقىرىش تەنەرخى قاتارىدا دايىم بولۇدىغان راس-
خودلار بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئېلىمىزدە
ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك شارايىتلىرى ماددى كاپالەتكە ئىگىدۇر.

دولەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىشى ئاساسىدا
ئېلىمىزدە ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى ۋە تەمىناتىمۇ ژىلمۇ ـ
ژىل ژۇقۇرى كوتۇرۇلمەكتە. مەركەزدىكى بەش سانائەت ئور-
نىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1953 ـ ژىلدا پۇل بىلەن ھې-
ساپلىنىدىغان ئوتتۇرا ئىش ھەققى 1950 ـ ژىلغا قارىغاندا 84%
ئاشقان. مال باھاسىنىڭ مۇقىملاشقانلىغى نېتىجىسىدە ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنىڭ سېتىۋېلىش كۇچى كوپ دەرىجىدە ژۇقۇرى
كوتۇرۇلدى، تۇرمۇشلىرىمۇ كوپ ياخشىلاندى. مەسىلەن: يۇ-
نەن ئولكىسىنىڭ گۇجۇ شەھرى ئاتاغلىق گۇجۇقەلەي كانى جاي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



لاشقان يەر بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ سىتىۋېلىش كۈچىنىڭ ژۇقۇرى كوتۇرۇلۇشى نېتىجىسىدە بۇ يەردە تۇرلۇك مال، يېمەك نەرسىلەر ۋە كىيىم ــ كېچەك ماگازىنلىرى خېلى كوپەيگەن. 1951 ــ ژىلىدا يەقەت بىرلا دولەت سودا ئاپپاراتى بولغان بولسا، هازىر كوپۇيۇپ 10 غا يەتكەن. بىر خۇسۇسى كىيىم ماگازىنىنىڭ خوجايىنى: «قەدەي كانىدا ئىشلەپچىقىرىش چۇشكۇنلۇشۇپ كەتكەن چاغلاردا (گومىنداڭ هوكۇمرانلىق قىلغان ۋاختىنى كورسۇتۇدۇ ــ رېداكسىيە) ماگازىنىنىڭ ئىشىگى ئالدىغا يېشىل ئوت ئۇنۇپ كېتەتتى. هازىر هەر كۇنى ئىشىكتە ئادەم قاتناپ تۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، هەر بىر بايرام كۇنلىرىدە سىمىنىنى ئاشۇرۇپ كۇچەپ ئىشلەشكە توغرى كېلىدۇ» دېگەن.

بۇ فاكتىلارنىڭ هەممىسى گىراژدانلىرىمىزنىڭ ئەمگەك قىلىش هوقۇقى قانۇنى كاپالەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماددى كاپالەتكىمۇ ئىگە ئىكەنلىگىنى كورسۇتۇدۇ. بۇنىدىن كېيىن دولەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ رىۋاجلىنىشى بىلەن تەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئۇزلۇكسىز كېڭىيىدۇ، ئەمگەك شارايىتلىرى تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ، ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ ۋە ژۇقۇرى كوتۇرۇلۇدۇ.

(2) دەم ئېلىش هوقۇقى

دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە: «جۇڭخۇا خەلق رېسـ

پۇبلىكىسىنىڭ ئەمگەكچىلىرى دەم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمگەكچىلەرنىڭ بۇ ھوقۇقتىن بەھرى ئېلىشىغا كاپالەت بېرىش ئۈچۈن دولەت ئىشچىلار، ھەم خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاختىنى ۋە دەم ئېلىش تۈزۈملىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ۋاختىنى ۋە دەم ئېلىش تۈزۈملىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ دەم ئېلىشىغا ۋە داۋالىنىشىغا كېرەكلىك ماددى شارائىتلارنى پەيدىن - پەي كېڭەيتىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئەمگەكچىلەر دەم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولسا، ئەمگەكتىن كېيىن قۇۋۋىتىنى ئورنىغا كەلتۈرۈدۇ ۋە ھاردۇغىنى چىقىرىدۇ، سىياسى، ئىجتىمائى ۋە مەدەنى ھاياتلارغا قاتنىشىدۇ، شۇنىڭدەك جىسمانى كۈچى ۋە ئەقلىي كۈچىنى ئوستۈرۈدۇ، ئەمگەكتىكى ئاكتىۋلىق ۋە ئىجاتچانلىقىنى تېخىمۇ ژۇقۇرى كوتۈرۈدۇ.

كاپىتالىستىك ئەللەردە ئىشچىلارنىڭ ۋاختى ناھايىتى ئۇزۇن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھەرقاچان ئىشسىز قېلىش خەۋپى مەۋجۇت بولۇدۇ، دەم ئېلىش ھوقۇقى توغرىسىدا سوز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: ئەنگىلىيىنىڭ كان ئىشچىلىرى ئوز ئائىلىسىدىكى چوڭ-كىچىك ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئاچ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىش ۋاختىنى ئۇزارتىشى لازىم بولۇپ، كوپۇنچە تاڭ سەھەر سائەت 6 دا ئىشقا چىقىپ، كەچ سائەت 11 دا ئويىگە قايتىدۇ. ياپونىيىدە ئىشچىلار دايىمەن 12 سائەتتىن 14 سائەت-

كىچە ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇدۇ ، بەزى ۋاختلاردا ئۈزمەستىن
24 سائەت ئىشلەيدۇ ؛ ھەربى مەتلۇبات زاۋودلىرىدا ئىشچىلار
دايىم كۈنىگە بەش سائەت ئادەتتىن تاشقىرى ھەقسىز ئىش
قىلىدۇ. كاپىتالىستىك ئەللەردىكى ئىشچىلار ئىش ۋاختىدا
ھاجەتكە چىقىش ، سوز قىلىش ھەتتا تەرلىرىنى سۈرتۈشمۇ
مۇداخىلە ئاستىدا بولۇدۇ ، بۇنىڭ ئۈچۈن جازاغا تارتى-
لىدۇ. ياكى بوشۇتۇلۇدۇ. ئىشچىلارنىڭ روھى ۋە تېنى چې-
كى يوق ئەمگەك بىلەن قىينىلىدۇ ، ئىشچىلار مال باھاسىنىڭ
ئورلىشى، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئاستىدا ئېزىلىدۇ ، ئۇلار قان-
داق بولسىمۇ دەم ئېلىش ھوقۇقى دېگەننى خىياللىرىغىمۇ كەل-
تۈرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ دەم ئېلىش دېگەنلىرىمۇ پەقەت زەي-
قاراڭغۇ كەمبىغەللەر گەمىسىدە 4 ـ 5 سائەت يېتىپ ئېلىشتىن ئى-
بارەتتۇر. شۇندىمۇ كۆڭۈل ئارام تاپمايدۇ، كۈندۈلۈك كېرەك
نەرسىلەر ۋە ئۆي ئىجارىسى ئۈچۈن لازىم بولغان تۆلەملە-
رىنىڭ غېمىنى قىلىدۇ، خالاس. كاپىتالىستىك ئەللەردە«دەم
ئېلىش ھوقۇقى»نى بۇرژۇئازىيە مونوپولىيە قىلىۋالغاندۇر. ئۇلار
ئەمگەك قىلمايدۇ ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئەيش ـ ئىشرەت بى-
لەن بولۇدۇ ؛ ئۇلارنىڭ گوزەل داچىلىرى ۋە دەم ئالىدىغان
ئورۇنلىرى بولۇدۇ، يازدا دېڭىز بويىغا بېرىپ ئىسسىقتىن قۇتۇلسا،
قىشتا جەنۇپ تەرەپلەرگە بېرىپ سوغۇقتىن قۇتۇلۇدۇ. ئەگەر
كاپىتالىستىك ئەللەردە ئىشچىلارمۇ دەم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە

www.uyghurkitap.com

دېيىلىدىكەن، ئۇ ــ ئىشسىز قېلىش، سەرگەردان بولۇش ۋە ھالاك بولۇشدۇر.

كونا جۇڭگو دېموكراتىك ئەللەردىكىگە ئوخشاش ئەمگەكچى خەلقلەردە دەم ئېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. گومىنداڭنىڭ رېاكسون ھوكۇمرانلىغى گۇم قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان چاغدا، رېاكسون ھوكۇمرانلار خەلق ئاممىسىنى جىددى يۇسۇندا شوراشلىرى نەتىجىسىدە يېزىلار كەمبىغەللىشىپ خانىۋەيران بولدى، شەھەرلەردىكى سودا ــ سانائەت ژىقىلىپ تۇردى. ئىشسىز قالغان ئادەملەرنىڭ سانى ژىلدىن ــ ژىلغا كوپەيدى. 1947 ــ ژىل ئوكتەبردە شاڭخەيدە ئىشسىز قالغانلار 80 مىڭغا يەتتى، تيەنجىن، چىڭداۋلارنىڭ ھەر بىرسىدە 70 مىڭدىن، كۇڭمىندە 60 مىڭ، شاڭتيەندە ئىشسىز قالغان ئىشچىلار 48 مىڭ ئادەم بولدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەمگەكچىلار ئاچلىق بوسۇغۇسىدا چىڭقالدى. كۇن بويى ئاھ ئۇرۇپ دەرت تارتتى، كىيىم ــ كېچەك، يېمەك ــ ئىچمەكنىڭ غېمىنى يىدى. خوتۇن ــ بالىچاقىلىرى قان ژىغلىدى، ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىمۇ يوق تۇرغاندا، دەم ئېلىش ھوقۇقىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

جۇڭخوا خەلق رېسپۇبلىكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن دولەت ۋە خەلقنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەت بېرىپلا قالماستىن بەلكى ئەمگەكچىلەرنىڭ دەم ئېلىش ھوقۇقىغىمۇ كاپالەت بەردي. ئۇمۇمى پروگراممىدا: «ھوكۇمەت ۋە خۇسۇسى كارخانى

لاردا ھازىر ئۇمۇمەن 8 سائەتتىن 10 سائەتكىچە بولغان ئىش تۈزۈمى (ئىش ۋاختى) يولغا قويۇلۇدۇ، ئالاھىدە ئەھۋاللار بولغاندا ئەھۋالغا قاراپ بېجىرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوسۇشى بىلەن ئىش ۋاختى ئۇمۇمى يۈز- لۈك تەرتىپكە سېلىندى. ھازىر دولەت ئورگانلىرى، دولەت كارخانىلىرى، دولەت بىلەن خۇسۇسىلار شېركەتچىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە چوڭراق خۇسۇسى كارخانىلاردا ئۇمۇمەن 8 سا- ئەتلىك ئىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. خىمىيەۋى سانائەت ۋە سالامەتلىككە زىيان كەلتۈرىدىغان سانائەتلەردە ئىش ۋاختى ھەت- تا، 6 سائەتكە چۈشۈرۈلدى؛ دولەت ۋە دولەت بىلەن خۇسۇ- سىلار شېركەتچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كوپچىلىكىدە ھەر يەتتى كۈندە بىر كۈن دەم ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. دولەت ئورگانلىرىدا قايىدە بويىچە يەكشەنبە كۈنى دەم ئېلىش تۈزۈمى ژۈرگۈزۈلدى. سانائەتتىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار ئىشلىگۈچىلەرگە مەلۇم دەم ئېلىپ داۋالىنىش ۋاختى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. سالامەتلىككە ئالاھىدە زىيىنى بولغان خىزمەتلەردە سمېنىنى ئاشۇرۇش، ئىش سائىتى قوشۇشمۇ مەنى قىلىندى. بۇ فاكتلار ئېلىمىزدە خىزمەتچىلەر ۋە ئىشچىلارنىڭ دەم ئېلىش ھوقۇقى قانۇن بىلەن ھىمايە قىلىنىدىغانلىقىنى كورسىتىدۇ.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تولۇق دەم ئېلىشى ئۈچۈن دولەت يەنە تورلۇك ئىنشائاتلارنى ئۈزلۈكسىز كوپەيتىپ ماددى جە-

ھەتتىن كاپالەت بېرىدۇ. نەچچە ژىلدىن بۇيان دولەت ئېلىـ
مىزنىڭ مەنزىرىسى چىرايلىق جايلىرىدا، مەسىلەن: بېيدىپـ
خې، چىڭداۋ، خاڭجۇ، لۇسەن قاتارلىق جايلاردا، چوڭ
ۋە ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا تۇرغۇزـ
لىغان ساناتورىيىلەرنى قۇردى. 1952 ـ ژىلدىن بۇيان
پەقەت ھەردەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەرىپىدىن قۇـ
رۇلغان ساناتورىيە ۋە دەم ئېلىش ئورۇنلىرىنىڭ ئۆزى 155 كە
يەتتى. ھەر قايسى زاۋود ـ فابرىكىلارنىڭ ئۆزى ئاچقان ئىشتىن
بوشۇغاندا دەم ئالىدىغان ئورۇنلىرى جەمئى مىڭدىن ئاشىدۇ.
3 ژىلدىن بۇيان ساناتورىيە ۋە دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا كىرىپ
دەم ئالغان، داۋالانغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر جەمئى 800 مىڭدىن
ئاشىدۇ، مەسىلەن: جۇڭگو توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ دەم
ئېلىش ئورنىنىڭ ئىككى زور بىناسى يازدا قاتتىق ئىسسىپ
كەتمەيدىغان، قىشتا قاتتىق سوغوق بولۇپ كەتمەيدىغان چىڭداۋ
شەھىرىنىڭ شەھەر رايونىدىن ژىراقتىكى دېڭىز ياقىسىغا سېلىنـ
غان. پۈتۈن دەم ئېلىش ئورنىنىڭ تەييارلىقلىرى پۇختا ۋە
نەپىسدۇر. ھەر قايسى بىنادا 48 دەم ئېلىش بولمىسى بار
بولۇپ ئىسسىتىش ۋە سوغوق شامال بېرىش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن
قۇراللانغان، پروژېكتىلىق پولات كارۋاتلارنىڭ ئۈستىگە قېلىن
يوتقان ـ كورپىلەر سېلىنغان. پۈتۈن ساناتورىيە بويىچە يەنە مەدەنى
كوڭۇل ئېچىش ۋە تېببى ساقلىقنى ساقلاش تەييارلىقلىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى ئادرېسى

بۇ جايدا يېتىپ دەم ئالغان ئىشچىلار تەبىئىي، ناھايىتى خۇرسەن بولۇدۇ ۋە راھەتلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىرىنچى تۈركۈم دەم ئالغان 282 ئادەمنىڭ ئىچىدىن 205 ئادەمنىڭ ھەر بىرسىنىڭ تېنىنىڭ ئېغىرلىغى 15 كۈن ئىچىدە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 3 جىڭدىن ئاشقان. ئېلىمىزنىڭ ئازات بولغىنىغا ئارانلا نەچچە ژىل بولغان بىر قىسقا مۇددەت ئىچىدە بىر بولۇم ئىشچى-خىزمەتچىلەر مۇشۇنداق گۈزەل دەم ئېلىش ھاياتىدىن بەھرى ئالغان ئىكەن، بۇ، ئېلىمىزدە بەخت-سائادەتلىك ھاياتنىڭ پەقەت باشلىنىشىنىلا كۆرسۈتۈدۇ.

ئەمگەكچى خەلقنى مەدەنىي دەم ئېلىش ھاياتىدىن بەھرىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن دۆلەت پۈتۈن ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا نۇرغۇنلىغان باغلار (پاركلار)، مەدەنىيەت ژۇرتلىرى، مەدەنىيەت سارايلىرى، قىرائەتخانىلار، تەنتەربىيە مەيدانلىرى، كىنوخانا ۋە تىياتىرلار تەسىس قىلدى. خەلقىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭدە يىخېيۈەن، بەيخەي، تيەنتەن، جۇڭسەن گۇڭيۈەن، شىجاۋ گۇڭيۈەن قاتارلىق چوڭ باغلار بار؛ يەنە ئاتاغلىق بېيجىڭ قىرائەتخانىسى، تارىخى مۇزېيى، خان سارايى مۇزېيى ۋە ئەمگەكچى خەلق مەدەنىيەت سارىيى بار. دۆلەت يەنە يېڭىدىن شىساخەي، زىجۇلىڭ ۋە تاۋرەنتىڭ قاتارلىق مەنزىرىلىك جايىنى ياسىدى. ھەم 3 چوڭ كىنو خانا ۋە تىياتىر خانا سالدى. بۇ جايلار ھەر بىر دەم

ئېلىش كۈنلىرىدە ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ دەم ئالىدىغان ۋە ئوگۇنىدىغان جايلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. پۈتۈن ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلماقتا. مەسىلەن: خاڭجۇدەك دۇنيا بويىچە مەشھۇر مەنزىرىلىك رايوننى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە يەنىمۇ ياخشىلاپ قۇرۇش ھەققىدە دولەت پىلان تۈزۈپ چىقتى. 300 ژىلدىن ئارتۇق ۋاخت داۋامىدا ئادالانماي كېلىۋاتقان شىخۇ كولىنىمۇ كەڭ كولەمدە ئادالاش ئىشى باشلانىدى، شۇنداق قىلىپ، گۈزەل شىخۇ كولىنى پۈتۈن ئېلىمىز بويىچە ئەڭ زور باققا-ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەك قىلىپ ھارغاندا ھاردۇغىنى چىقىرىدىغان جايغا ئايلاندۇرماقچى.

بۇنىڭدىن كورۇشكە بولۇدىكى، دولىتىمىز ئەمگەكچى خەلقلەرگە تا ئەڭ ئۇششاق نۇقتىلاردىن تارتىپ ھەممىلا تەرەپتىن جان كويدۇرۇدۇ. ئېلىمىزدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەم ئېلىش ھوقۇقى دولەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ رېۋاجلىنىشى بىلەن پەيدىن - پەي كېڭىيىدۇ.

### (3) ماددى ياردەم ئېلىش ھوقۇقى

دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە: «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئەمگەكچىلىرى قېرىغاندا، كېسەل بولغاندا ياكى ئەمگەك ئىقتىداردىن قالغاندا ماددى ياردەم ئېلىش ھوقۇقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگە. ئەمگەكچىلەرنىڭ بۇ ھوقۇقتىن بەھرى ئېلىشىغا كاپالەت بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت ئىجتىمائىي ستراخوۋانىيە، ئىجتىمائىي ياردەم ۋە ئاممىۋى ساقلىقنى ساخلاش ئىشلىرىنى يولغا قويۇدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ ئىشلارنى پەيدىن - پەي كېڭەيتىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن.

كاپىتالىستىك ئەللەردە ئەمگەكچى خەلقلەر قېرىغاندا، كېسەل بولغاندا ياكى ئەمگەك ئىختىداردىن قالغاندا ئۇلارنى پەقەت ئىشسىزلىك ۋە ئاچلىق كۈتىدۇ، تا شۇكەمگىچە، كاپىتالىستىك ئەللەردىن 49 ئەلدە كېسەل بولغانلارغا دۆلەت ستراخوۋانىيىسى يوق؛ 53 ئەلدە مېيىپ بولۇپ ئىشتىن قالغانلارغا ستراخوۋانىيە يوق؛ 41 ئەلدە قېرىلارغا ستراخوۋانىيە يوق. نامدا سترا-خوۋانىيە بولغان كاپىتالىستىك ئەللەردىمۇ ئەمەلىياتتا ئۇ، ئىشچىلارنى ئالداشتىن ئىبارەت. ستراخوۋانىيە خىراجەتلىرىنى ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھېچنەرسىگە يەتمەيدىغان ئازراق ئىش ھەقلىرى ئىچىدىن تۆلەيدۇ، لېكىن قوللىرىغا ئالىدىغان سترا-خوۋانىيە تۆلەملىرى ئېچىنىشلىق دەرىجىدە ئاز بولىدۇ. مەسىلەن: ئاقش دا كىشىلەرنى ئالدايدىغان شۇنداق بىر قانۇن بار، ئۇنىڭدا ستراخوۋانىيىگە يېزىلغان ئىشچىلار 65 ياشقا يەتكەندە پېنسىيە ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدا ئىشچىلار ئۆمرى بويى ھەر ئايدا نۇرغۇنلىغان ستراخوۋانىيە خىراجىتىنى تۆلەپ تۇرىدۇ، لېكىن قېرىغاندا ئىش ھەققىنىڭ

پەقەت 15% ـ 30% تىنغا تەڭ پېنسىيە ئالىدۇ. بۇھوقۇق ئەمەس، بەلكى قېرى ئىشچىلارنى ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلىش ۋە ئۇلارنى مەسخىرىلەشتۇر.

كونا جۇڭگودىمۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى شۇنىڭغا ئوخشاش پاجىئەلىك بولدى. ئۇلار كېسەل بولۇپ قالغان چاغلىرىدا، ئەگەر كۈچەپ ئوزىنى تۇتۇپ ئىشقا چىقمىسا، ئىش ھەققى ئالالمايدۇ؛ ئەگەر ئۇزاق ۋاخت كېسەل بولۇدىكەن ئۇندا ئىشسىز قالىدۇ. بىر ئىشچى كاپىتالىستقا 20 ـ 30 ژىللاپ ئەمگەك قىلغان، سانسىز بايلىقلارنى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېشى چوڭىيىپ، ئاستا ـ ئاستا ئەمگەك ئىختىدارىدىن قالغاندا، ئۇ خۇددى تاۋۇز شاپىقىغا ئوخشاش كاپىتالىست تەرىپىدىن كوچىغا تاشلىنىدۇ. ئايال ئىشچىلار يەنىمۇ قاتتىق ئازاپلارنى چېكىدۇ، كاپىتالىستلار ئادەتتە نىكاھلانغان ئايال ئىشچىلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. بەزى ئايال ئىشچىلار ئوزىنى ئىش بىلەن تەمىن قىلىش ئۈچۈن ئومىرۋايەت تۇرمۇشقا چىقماي ئوتىدۇ؛ بەزى ئايال ئىشچىلار ئوغۇرلۇقچە تۇرمۇشقا چىققان ۋە بەختكە يارىشا ئىشتىن ھايدالمىغان بىلەن قورساقلىق بولۇپ قالغان چېغىدا يەنە باشقا ئايال ئىشچىلارغا ئوخشاش ماشىنىنىڭ يېنىدا ئورە تۇرۇپ 14 ـ 15 سائەت ئىش قىلىدۇ، تۇققان چېغىدا زەمبىلگە سېلىپ چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئايال ئىشچىلار بالىسىنى سېختا ياكى ھاجەتخانىدا تۇغىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



جاڭكەيشى گومىندىڭى كاپىتالىستلارنىڭ ئىشچىلارنى شورىشىغا ياردەم بەرگىنىنىڭ سىرتىدا ئىشچىلارنىڭ تۇغۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈشى بىلەن قىلچىلىك كارى بولمىدى.

كونا جەمئىيەتتە دېھقانلار ئاممىسى جاڭكەيشى گومىندىڭى ۋە پومېششىكلارنىڭ پاجەلىك ئېكسپلۇئاتاتسىيىسىگە دۇچار بولۇپ، تۇرمۇشتا ئېغىر ئازاپ چەكتى. بەزىلىرى كىچىكىدىنلا پومېششىكلارغا ئەمگەك قىلدى، ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلىندى. قېرىغاندا پومېششىك ئۇنى بىر تېپىپلا دەرۋازىسىدىن قوغلاپ چىقاردى، ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىدى. شۇڭلاشقا كونا جەمئىيەتتە نۇرغۇنلىغان دېھقانلار قېرىغاندا باش پاناسىز قالدى، ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن ئاھ ئۇردى، كوچىلاردا قېلىپ قەلەندەرلىك قىلدى، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ تۈزۈگرەك بىر قۇركىيىم كىيەلمىدى، ئۆلگەندىمۇ بىرەر كېپەن تەييارلىيالمىدى. گومىنداڭنىڭ پومېششىكلار بىلەن تىلى بىر ئىدى. ئۇ دېھقانلارغا چۈشكەن ئېغىرچىلىقنى ئاشۇرۇشنىلا بىلەتتى، دېھقانلارنىڭ دەرت-ئەلەملىرى بىلەن ھېچ كارى بولمايتتى.

دۆلىتىمىز جۇڭگو خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ قۇرۇلغىنىغا قىسقىلا بەش يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. دۆلەت ئىجتىمائىي سىتراخوۋانىيە، ئىجتىمائىي ياردەم ۋە ئاممىۋى ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى تەشكىل قىلىپ، شۇنىڭدەك بۇ ئىشلارنى چوڭ كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ئېلىمىز-

دىكى ئەمگەكچىلەرنى قېرىغاندا، كېسەل بولغاندا ياكى ئەمگەك ئىختىدارىدىن قالغاندا ماددى جەھەتتىن ياردەم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئىجتىمائى ستراخوۋانىيە جەھەتتىن: مەركىزىي خەلق ھۆكۈمەت مەمۇرى ئىشلار كېڭىشى 1951 - ژىل فېۋرالدا «ئەمگەك ستراخوۋانىيە نىزامى» نى جاكالىدى. 1952 - ژىلى يالغۇز دولەت تەرىپىدىن تولەنگەن ئەمگەك ستراخوۋانىيە خىراجىتى بىر تىرىلىون 600 ملليارد دوللارغا يەتتى. 1953 - ژىل پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە 4 ملليون 800 مىڭدىن ئوشۇق ئىشچى - خىزمەتچى ئەمگەك ستراخوۋانىيىسى تەمىناتىدىن بەھرى ئالدى؛ دولەت ئىدارە خادىملىرى ۋە مائارىپ خادىملىرىدىن بولۇپ 5 ملليون 290 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم دولەت ھېساۋىغا پۇلسىز داۋالىنىش تەمىناتىدىن بەھرى ئالدى. بۇلاردىن باشقا ئوتتۇرا ۋە كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ بىرىمىدىن كوپى كارخانا تەرەپ بىلەن ئەمگەك ستراخوۋانىيىسى دوگوۋورلىرىنى تۈزدى. بۇ ئىجتىمائىي ستراخوۋانىيە خىراجەتلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىدىن تارتىپ قېلىنمايدۇ، بەلكى دولەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە دولەت ياكى كارخانىلار مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن تولۇنىدۇ. شۇنداق قىلىپ كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر قېرىغاندا، كېسەل بولغاندا ياكى ئەمگەك ئىختىدارىدىن قالغاندا ماددى جەھەتتىن ياردەم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولدى. كېيىنكى كۈنىنىڭ غېمىنى قىلماي خاتىرجەم ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ئىجتىمائىي ياردەم جەھەتتە، دولەت بىر تەرەپتىن ئەمگەكچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ، جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلىق ھادىسىلىرىنى يېنىكلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ياردەم ئورنىغا ئىش قىلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، زورتىغا قايتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇش ۋە ياردەم پۇلى تارقىتىش قاتارلىق چارىلارنى قوللىنىپ، ۋاقىتىنچە ئىشقا ئورۇنلىشىشى تەس، لېكىن تۇرمۇشى ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق ئاستىدا قالغان ئىشسىزلارنىڭ مىنىمۇم تۇرمۇشىغا كاپالەت بەردى.

دولەتنىڭ ياردەم ئىشلىرىغا ئاجراتقان خىراجىتى 1950 - يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە جەمئىي 8 تىرىلليون دوللار بولۇپ، 1954 - يىلدا 3 تىرىلليون بولدى، بۇنىڭ مۇتلەق كوپچۈلۈكى يېزا - كەنتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. مەسىلەن: ئەنخۇي ئولكىسى چاڭجياڭ ۋە خۇەيخې دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، تارىختىن بۇيان كوپ ئاپەت بولۇپ تۇرىدىغان جاي ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭنىڭ رىياكسون ھوكۈمرانلىقى ۋاقتىدا سۇ قۇرۇلۇشلىرى ياسالماي، دەريانىڭ سۇ يوللىرىغا سېرىق توپا توشۇپ كېتىپ، چوڭ يامغۇر ياغسا چوڭ ئاپەت، كىچىك يامغۇر ياغسا، كىچىك ئاپەت تۇغۇلىدىغان، يامغۇر بولمىسا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىدىغان ئېغىر ھال شەكىل-

لەنگەن ئىدى . دولىتىمىز نەچچە ژىلدىن بۇيان خۇەيخې دەرياسىنى چوڭ كۈچ بىلەن تەرتىپكە سېلىپ ، سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى ياساپ ئاپەتنى ئازايتتى ۋە يېنىكلەشتۈردى ، ھەمدە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى خەلققە زور ماددى ياردەملەرنى بەردى . 1949 — ژىلدىن 1953 — ژىلغىچە دولەت تەرىپىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن ياردەم ئاشلىغى ۋە پۇلى ھەمدە ماللارنىڭ باھاسى جەمئى بىر ترىللىون 500 مىللىارد دوللار كېلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنخۇي ئۆلكىسىدە خەلق: «نەچچە ژىلدىن بۇيان كىيىمىمىز يوق بولسا كىيىم تارقاتتى، ئاشلىغىمىز يوق بولسا ئاشلىق تارقاتتى، قالايدىغىنىمىز يوق بولسا كۆمۈر تارقاتتى، كېسەل بولساق داۋالاپ قويىدى ، يەنە ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى ھەم ئۇغۇت ياردەم قىلدى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇەيخېنى تەرتىپكە سېلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەت بەردى، خەلق ھوكۇمىتىمىز ھەقىقەتەن قىش كۈنىدىكى قوياشتىنمۇ ئىسسىق ، ئۆز ئاتا — ئانىلىرىمىزدىنمۇ مېھرىۋان» دېيىشتى . ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرگە كومپارتىيە، خەلق ھوكۇمىتى ئەزەلدىنلا ھەممە تەرەپتىن كۆڭۈل بولۇدىغان ، يۇكسەك قىزغىنلىق ۋە قەتئى سۇرئەتلىك جەڭگىۋار ستىل بىلەن جىددى ياردەم قىلدى . مەسىلەن ، ئايروپىلان بىلەن ھاۋادىن ئاشلىق تاشلاپ، قار ئاپىتىگە ئۇچرىغان چارۋىچى خەلققە جىددى ياردەم بەر-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دى، سۇ ئاپىتى يۈز بەرگەن جايلارغا كېمە بىلەن ئاشلىق ۋە توغان ياسايدىغان سايمان ھەم ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بەردى، ئاپەتكە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان خۇاڭخېنىڭ مۇز تاغلىرىنى توپ ئوقى بىلەن پارچىلىدى، كۆپلىگەن ياردەم ماللىرىنى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق قولىغا ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن يەتكۈزۈپ بەردى. خۇبەي ئۆلكىسىنىڭ مېەنياڭ ناھىيىسى 8 ـ رايون ساماۋزو يېزىسىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان جاڭ خۇەيجېڭ دېگەن ئادەم رايكوم سېكرېتارى قاتارلىق ئادەملەرنىڭ قار يېغىۋاتقىنىغا قارىماي گۈرۈچ ۋە پاختىلىق كىيىم يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ: «كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئادەملەرنى قانداق قەدىرلەيدۇ! تاماقنى يەيدىغان ئۇزۇغى يوق ئادەملەرنىڭ ئاغزىغا ئەپكىلىپ بەرمىگىچە قويمايدۇ ـ بۇنىڭ ياخشىلىقىدا گەپ يوق!» دېگەن.

ساقلىقنى ساخلاش ئىشلىرى جەھەتتە: دولەت كېسەل بولغان ئادەملەرنى ئۆز ۋاختىدا داۋالاش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا نۇرغۇنلىغان دوختۇرخانىلارنى قۇردى. 1953 ـ ژىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ساقلىقنى ساخلاش مىنىسترلىگى قارىمىقىدىكى دوخۇرخانىلار 3 068 گە يەتتى. پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە كارۋاتلارنىڭ ئۇمۇمى سانى ئازاتلىقتىن ئىلگىركى ئەڭ ژۇقۇرى دەرىجىدىن % 411 ئاشتى. مەسىلەن: ئازاتلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىدە

پەقەت 32 لا كونىراپ قالغان داۋالاش ئاپاراتلىرى بار ئىدى،
پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر 350 مىڭ ئاھالىگە
بىر دوختۇر توغرى كېلەتتى. پۈتۈن ئۆلكە بويىچە پەقەت بىرلا
كېرەككە يارايدىغان رېنتگېن ئاپاراتى بار ئىدى، تۇرغۇنلىغان
يۈز مىڭلىغان ئاھالىسى بار ناھىيىلەردە ساقلىقنى ساخلاش
ئىدارىلىرى يوق ئىدى. ھازىر دولەت 160 تىن ئارتۇق داۋا-
لاش ئاپپاراتلىرى قۇردى، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە 79 ناھىيە
دەرىجىلىك جايلارنىڭ ھەممىسىدىمۇ ساقلىقنى ساخلاش ئىدا-
رىلىرى تەشكىل قىلىندى.

بۇلا ئەمەس، دولەت خەلقنىڭ ساغلاملىغىغا كاپالەت بېرىش
ئۈچۈن، ساقلىقنى ساخلاش خىزمەتلىرىدە يەنە ئالدىنى ئې-
لىشنى ئاساس قىلىش نىشانىسىنى قوللاندى. 5 ژىلدىن بۇيان
پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە جەمئىي 337 كېسەلنىڭ ئالدىنى
ئېلىش - ساقلىقنى ساخلاش پۇنكتى (ئوترىدى)، 234 تۇرلۇك
ژۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئورنى
(پۇنكتى، ئوترىدى) قۇرۇلدى. شۇنىڭدەك دايىمەن ساقلىقنى
ساخلاش خادىملىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئاممىنىڭ ئارىسىغا چوڭقۇر
كىرگۈزۈپ چېچەك چەكتۇردى ۋە تۇرلۇك ژۇقۇملۇق كېسەل-
لەرنىڭ ئالدىنى ئالدى، مەسىلەن: XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن
بۇيان جۇڭگودا ھەر ژىلى تارىلىپ خەلق ھاياتىنىڭ ئامانلىغىغا
تەسىر يەتكۈزۈپ كەلگەن خولىرا كېسىلى 5 ژىلدىن بۇيان ھېچ

www.uyghurkitap.com



كورۇلمىدى . بەزى كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوترەدلىرى يەنە چېگىرا ئۆلكىلەردىكى ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىغا چوڭقۇر كىرىپ، ئازسانلىق مىللەتلەرنى نۇرغۇن ژىللاردىن بېرى ئاپەت بولۇپ كەلگەن ئېغىر كېسەللەردىن قۇتقازدى، مەسىلەن: 1953 ــ ژىل باھاردا تەييارلىغى تولۇق بولغان بىر بەزگەك كېسىلىگە قارشى تۇرۇش ئوتردى. يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شۇاڭكۇ دىگەن جايىغا بارغىنىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇلارنى يېقىن كورۇپ «ۋىيىسىڭ» (ساقلىقنى ساخلاش) دەپ ئاتاپ: ««ۋىيىسىڭ» كېلۇدى بىزنىڭ ھاياتىمىزمۇ ئامانلىققا ئىگە بولدى، تېنىمىز ساغلاملاشتى. ئىشلەپچىقىرىشىمىزمۇ دەخلىسىز بولدى» دىيىشتى.

مانا بۇنىڭدىن دولىتىمىزنىڭ مەيلى شەھەردە ياكى يېزىدا بولسۇن ۋە مەيلى تۈزلەڭدە ياكى تاغلىق جايلاردا بولسۇن ئەمگەكچىلەرگە غەمخورلۇق قىلىنىۋاتقانلىقىنى كورۇش مۇمكىن. ئەمگەكچىلەر قېرىغاندا كېسەل بولغاندا ياكى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغاندا دولەت تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان ئىجتىمائىي ستراخوۋانىيە، ئىجتىمائىي ياردەم ۋە ئاممىۋى ساقلىقنى ساخلاش ئىشلىرىنىڭ ماددى ياردىمىدىن بەھرى ئالالايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دولەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ رىۋاجلىنىشى بىلەن تەڭ بۇنداق ياردەملەر يەنە ئۈزلۈكسىز كېڭىيىدۇ

## VI

## گىراژدانلارنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ھوقۇقلىرى

كونستىتۇتسىيىدە: «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ گىراژدانلىرى بىلىم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. گىراژدانلارنىڭ بۇ ھوقۇقتىن بەھرى ئېلىشىغا كاپالەت بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت ھەر خىل مەكتەپلەرنى ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇدۇ ھەم پەيدىن-پەي كېڭەيتىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن.

كاپىتالىستىك ئەللەردە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىگەللەپ ئالغان بۇرژۇئازىيە، ئەمگەكچىلەرگە مائارىپ زۆرۈر ئەمەس دەپ تونۇيدۇ. كاپىتالىستىك ئەللەردىكى مەكتەپلەرنىڭ بىر-دىن-بىر ۋەزىپىسى بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن ئىش قىلالايدىغان قۇللار، ئىتائەتكار ئىشچىلار يېتىشتۈرۈدۇ.

كاپىتالىستىك ئەللەردە ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مائارىپتىن بەھرى ئالالمايدۇ، ئەنگلىيىدە پۇلدار ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىلا 18 ياكى 22 ياشقىچە ئوقىيالايدۇ.

كاپىتالىستىك ئەللەردە كۆپچۈلۈك ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. مەسىلەن: ئاقش دا 51

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مىللىون ئوقۇش يېشىدىكى باللار ئوقۇشتىن مەھرۇم قالغان.
ئاق‌شىنىڭ مەملىكتى ئىچىدىكى يېشىغا توشقان ئاھالىدىن 3
مىللىون ئادەم ھېچقانداق مەكتەپ يۈزىنى كورمىگەن، 10
مىللىون ئادەم دىكىدەك ساۋاتسىز.

ئەھۋالى ئادەتتىن تاشقىرى ناچارلار، ئىمپىريالىزمنىڭ
ھوكۇمرانلىغى ئاستىدىكى مۇستەملىكە ئەللەرنىڭ باللىرىدۇر،
بۇنداق ئەللەردىكى باللارنىڭ سانى 500 مىللىوندىن ئارتىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ 480 مىللىونى ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان. كونا جۇڭگودا بىلىم ئېلىش پۇلدار ئادەملەرنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى ئىدى. جاڭ كەيشى گومىندىكى «خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياستى»نى زورگوزگەنلىكتىن مائارىپ ئىشلىرى بەكمۇ چوشكۇنلىشىپ كەتتى. جاڭ كەيشى گومىندىكىنىڭ دولەت مالىيە چىقىملىرى ئىچىدە مائارىپ ئۈچۈن ئاجرىتىلغان راسخود ناھايىتى ئاز بولدى. مەسىلەن: 1946 ـ ژىلىدىكى مائارىپ راسخودى ئومۇمى دولەت بيودژىتىنىڭ ئاران 5%نى تەشكىل قىلدى، 1947 ـ ژىلغا كەلگەندە 2%كە چۈشۈپ قالدى. مۇشۇ ئازراسخودمۇ دايىمەن ھەربى خىراجەتكە تارتىپ كېتىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرىجىمۇ ـ دەرىجە تارتىپ قېلىشلار، خىيانەت ئىسراپچىلىقلار بولدى، نەتىجىدە راسخودنىڭ ئېچىنىشلىق دەرىجىدىكى ناھايىتى ئاز بىرقىسمىلا مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ چاغلاردا نورغۇنلىغان مەك-

تەپلەرنىڭ بىنالىرى ئۇزاقىچە رېمونت قىلىنماي قالدى، ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇش تەييارلىقلىرى ناھايىتى ئاددى بولدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ئېغىر ئوتتى، باللار ۋە ياشلار دايىمەن ئوقۇشسىز قېلىش ئازاۋىنى چەكتى. ئۇ ۋاختلاردا يېزىلاردا ئوقۇغان ئادەم تېخىمۇ ئاز بولدى، ھەتتا بەزى يېزىلاردا بىرمۇ خەت تونۇيدىغان ئادەم تېپىلمايتتى.

يېڭى جۇڭگودا ئەھۋال تامامەن باشقىچە. دولىتىمىز ئەمگەكچى خەلقنى سىياسى ــ ئىختىسادىي جەھەتتىن قەدكوتەرتىپلا قالماستىن، مەدەنىيەت جەھەتتىنمۇ قەدكوتەرتتى. نەچچە ژىلدىن بۇيان پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە شەھەر ۋە يېزىلاردا يېڭىدىن 230 مىڭدىن ئارتۇق باشلانغۇچ مەكتەپ، 700دىن ئارتۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، 20نەچچە ئالىي مەكتەپ قۇرۇلدى. شۇنىڭدەك نەچچە يۈزمىڭ ئورۇندا ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنىڭ دايىملىق ئوگۈنۈش ئېلىپ بارىدىغان خەلق مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ كوپ دەرىجىدە ئاشتى، 1953 ــ ژىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 51 مىللىون 500 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئازاتلىقتىن ئىلگىركىگە قارىغاندا 117% ئاشتى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 2 مىللىون 930 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئازاتلىقتىن ئىلگىركىگە قارىغاندا بىرھەسسىگە يېقىن ئاشتى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 216 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 40% ئاشتى؛ ماائارىپ راسخودىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى، دۆلەتنىڭ 1954 ـ يىلىدا ئاجراتقان مائارىپ راسخودىنى 1936 ـ يىل گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتدىكىنىڭ 33 ھەسسىسىگە توغرى كېلىدۇ.

دۆلەت يېڭى تىپتىكى ئىشچى ـ دېھقان زىيالىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ھەردەرىجىلىك مەكتەپلەرگە كۆپلەپ ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى قوبۇل قىلغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە ئالايىتە جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنى ۋە نۇرغۇنلىغان ئىشچى ـ دېھقان تېز پۈتتۈرۈش ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى ئېچىپ، ھەمدە ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ ئىش سىرتىدىكى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى چوڭ كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، كونا جەمئىيەتتە ئوقۇش پۇرستىدىن مەھرۇم بولغان ئىشچىلار، دېھقانلارنى بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. 1952 ـ يىلدا پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە ئىشچى ـ دېھقان ئىش سىرتىدىكى مەكتەپلىرىدە 2 مىللىون 300 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى، 27 مىللىوندىن ئارتۇق دېھقان ئوقۇشقا قاتناشتى. جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ژىپ ئىگىرگۈچى ئايال ئىشچىسى شۇي ئەيخۇا: «كونستىتۇتسىيە لايىھىسىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن ناھايىتىمۇ خۇرسەن بولدۇم. ئۇنىڭدا گراژدانلار بىلىم ئېلىش

هوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەنگەن. مەن 12 يېشىمدىلا فابرىكىغا كىرىپ ئىشلىدىم. ئۇ چاغدا باشقىلارنىڭ مەكتەپكە ئوقۇشقا بارغانلىرىنى كورگۇنىمدە مەن راسا قىزىقاتتىم. مەن كاپىتالىستتىن بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇسام دەپ تەلەپ قىلغىنىمدا ئۇنىڭدىن ئالغان جاۋابىم: سەن ئىش قىلىشقىلا تۇغۇلغانسەن، سىنىڭ پىشانەڭگە ئوقۇش يېزىلمىغان دىگەندىن ئىبارەت بولدى. بۇگۇنكى كۇندە مەن ئالىي مەكتەپتىمۇ ئوقۇيالايدىغان بولدۇم!» دىگەن.

دولەت ئەمگەكچى خەلقلەرنى ئىش سىرتىدىكى ۋاختلاردا سياسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىلىرىنى ژۇقۇرى كوتۇرۇش يۇرستىگە ئىگە قىلىش ئۇچۇن، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جەمئى 6 مىڭ 855 مەدەنىيەت يۇرتى ۋە مەدەنىيەت پۇنكتلىرىنى قۇرۇپ، ئاممىنى ھەرخىل كىتاپلار بىلەن تەمىنلىدى ۋە تۇرلۇك مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەن كورگەزمىلىرىنى ئوتكۇزدى.

مانا بۇلار مەملىكىتىمىزدە گراژدانلارنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقى دولەتنىڭ ماددى كاپالىتىگە ئىگە ئىكەنلىگىنى كورسۇتۇدۇ.

بۇنىڭ سىرتىدا كونستىتۇتسىيىدە يەنە: «دولەت ياشلارنىڭ جىسمانى ۋە ئەقلى جەھەتتىن ئوسۇشىگە ئالايىتە غەمخورلۇق قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كونا جۇڭگودا ياشلار ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئوخشاشلا ئاچ ـ يالاڭغاچ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئۇلار رېئاكسىيون ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئېزىش ـ دەپسەندە قىلىش ئوبيېكتى بولدى. ئازاتلىقتىن كېيىنكى نەچچە يىل ئىچىدە دۆلەت ياشلارنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ئۆسۈشىگە ئالاھىدە غەمخورلۇقلارنى قىلدى. مەسىلەن: مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىرىنى يېنىكلەشتۈرۈپ، تاماقلىرىنى ياخشىلاپ ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ھەركەتلىرىنى، تېنىنى چېنىقتۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ ئۇلارنىڭ ئەقلىي ۋەجىسمانىي كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئۆسۈشىگە ئىمكانىيەت تۇغدۇردى. 1952 ـ يىل مەمۇرىي كېڭەش ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردىن ژۇقۇرى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇشقا ياردەم پۇلى ھەققىدە بىر تۇتاش بەلگىلىمە ئىشلەپ چىقىپ كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى. 1953 ـ يىل رەئىس ماۋزېدۇڭ يەنە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياشلارغا «تېنىڭلەرنى ياخشى چېنىقتۇرۇڭلار، ياخشى ئوگۇنۇڭلەر، ياخشى ئىشلەڭلەر» دېگەن يولىيورۇقنى كۆرسەتتى. بۇ فاكتلار دۆلىتىمىزنىڭ ياشلارنى مەملىكەتنىڭ بايلىقى ۋە خەلق ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىنى داۋام ئەتتۈرگۈچىلەر دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرسۈتىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە يەنە : «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى گراژدانلارنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر، ئەدەبىيات ـ

سەنئەت ئىجاتچىلىغى ۋە باشقا مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللۇنۇش ئەركىنلىكلىرىنى قوغدايدۇ. دولەت ئىلىم - پەن، مائارىپ، ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە باشقا مەدەنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى گراژدانلارنىڭ ئىجادىي خىزمەتلىرىگە ئىلھام ۋە ياردەم بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

كونا جۇڭگودا رىياكسون ھوكۇمەتلەر ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىجادىي ئىشلىرىغا قىلچىلىكمۇ ئەھمىيەت بەرمەيتتى. ئېنتومولوگىيا (ھاشارەتلەر توغرىسىدىكى ئىلىم) ئالىمى ياڭ ۋېيى: «مەن بىر ھاشارەتلەر توغرىسىدىكى ئىلىمنى ئۆگەنگەن ئادەم بولۇپ، ئۆزەمنىڭ ئۆگەنگەن بىرئاز نەرسىلىرىم بىلەن دائىم خەلققە بەزى ئىشلارنى ئىشلەپ بېرىشنى ئويلايتتىم، لېكىن گومىنداڭنىڭ رىياكسون ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا كېرەكسىز ئادەم بولۇپ سانالدىم. ھاشارەتلەرنى يوقۇتۇش توغرىسىدىكى ھەممە چارىلارنى ئىشقا سالالمىدىم، ئومرىمىنىڭ يېرىمى ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن بىر ئىشىمۇ ۋۇجۇتقا چىقىرالمىدىم» دىگەن. ئەمما يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەھۋال ئۆزگەردى. ئۇ: «ئازاتلىقتىن كېيىن مەن ئۇمىتلەندىم، 1950 ـ يىلىلا جاڭشى ئۆلكىلىك خەلق ھوكۇمىتىگە ئاساسەن تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى قوللۇنۇپ يېشىل كېپىنەك قۇرۇتى ئاپىتىنى يوقۇتۇشنى تەكلىپ قىلغان ئىدىم. بۇ تەكلىۋىم دەرھال قوبۇل قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 3 تېرىش ھەركىتى پۈتۈن

ئۆلكە بويىچە چوڭ كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى» دېگەن. بۇ مەملىكىتىمىزدە مەدەنىيەت ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

دۆلەت ئىلىم-پەن، مائارىپ، ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىجادىي تۆھپە تەقدىم قىلغان ئادەملەرگە مەنىۋى ۋە ماددىي مۇكاپات بېرىدۇ.

يۇقىرىدىكى فاكتلار مەملىكىتىمىزدە گراژدانلارنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقىغا ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. گراژدانلار بۇنداق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي سەۋىيىلىرىنى ئۆستۈرۈپ دۆلەتكە ۋە پۈتۈن خەلققە تېخىمۇ جىق خىزمەت ئىشلىيالايدۇ.

## VII

### دۆلەت چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ

دۆلىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە: «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەققانىي

هوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ.» دەپ بەلـ
گىلەنگەن.

مەملىكىتىمىز چەتئەلدە مۇھاجىرلىرى جىق بىرمەملىكەت
بولۇپ، بۇ مۇھاجىرلارنىڭ ئۇمۇمى سانى تەخمىنەن 12 مىلىيون،
ئۇلار تۇرغۇنلىغان ئوخشاش بولمىغان ئەللەرگە ۋە رايونلارغا،
ئاساسەن شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا رايونىغا تارقالغاندۇر. بۇ كونا
جۇڭگودا ئۇزۇن داۋام قىلغان رىياكسىون ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئەمـ
گەكچى خەلقلەرنى ئېلىمىزدە هايات كوچۇرۇشكە ئىپلاجىسىز
قالدۇرۇپ، چەتئەللەرگە چىقىپ هايات كوچۈرۇشكە مەجبۇر
قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مەملىكىتىمىزنىڭ مۇھاجىرلىرى
شەرقىي جەنۇبى ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا شۇ يەرلىك
ئەمگەكچى خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلىپ، شۇيەرلەر
نىڭ ئىختىسادىي هاياتىنى ئاچتى. شۇيەرلىك خەلقلەر بىلەن
چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى؛ باشقا ئەللەردە ئولتۇراقلاشقان
جۇڭگو مۇھاجىرلىرىمۇ ئوزلىرى تۇرغان ئەللەرنىڭ خەلقلىرى
بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتكە ئىگىدۇر.

لېكىن كونا جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە يېرىم فېودال بولغانـ
لىغىدىن خەلقارادا ھېچقانداق ئورۇنغا ئىگە ئەمەس ئىدى.
شۇنىڭ ئۇچۇن كاپىتالىستىك ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى
ئىمپىريالىستىك ۋە مۇستەملىكىچى دولەتلەرنىڭ خارلاشلىرى
ۋە ئېزىشلىرىگە يولۇقتى، كونا جۇڭگو رىياكسىون ھوكۇمىتى

جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ھىمايە قىلمايتتى، ئىمپېرىيالىستلار بولسا ئۇلارغا خالىغانلىرىچە زۇلۇم قىلاتتى.

گومىنداڭنىڭ رېاكسىيون ھوكۇمرانلىقى ۋاختىدا مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن چەتئەللەردىكى ئەمگەكچى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ قان-تەرلىرى بىلەن تېپىپ ئائىلىلىرىگە پېرەۋوت قىلغان پۇللىرى، ھەممىسى دېگىدەك تۆت چوڭ ئائىلىنىڭ پۇلىنى پاخاللاشتۇرۇش ۋاسىتىسى بىلەن تالىنىپ كېتەتتى. نۇرغۇنلىغان ۋەتىنىمىزگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى جاڭكەيشى گومىندىڭنىڭ قاقتا-سوقتا قىلىشى ۋە ئالۋاڭ-ياساقلىرى ئاستىدا ئۆي-جاي ۋە مال-مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ كەتتى. ئۇلۇق ئوكيان سوقۇشى دەۋرىدە مۇھاجىرلار پۇل پېرەۋودىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، نۇرغۇنلىغان مۇھاجىرلار تاۋابىئاتى ھەم ۋەتىنىمىزگە قايتقان مۇھاجىرلار تۇرمۇشتا پاناسىز قېلىپ ئاچتىن ئۆلۈپ كەتتى، يالغۇز گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر جايىدىلا ئاچتىن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سانى 200 مىڭغا يەتتى. گومىنداڭ رېاكسىيون ھوكۇمىتىنىڭ ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش ژۇرگۈزۈش نىتىجىسىدىمۇ ۋەتىنىمىزگە قايتقان سانسىز مۇھاجىرلار ئەل ژۇرتىدىن ئايرىلىپ ھالاك بولدى.

جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 5ژىل-

ىدىن بۇيان دولەت باشتىن ئاخىرىغىچە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ھىمايە قىلىش سياسىتىنى قوللاندى. بۇ ھەقتە ئۇمۇمى پروگراممىدا ئوچۇق بەلگىلەنگەن ئىدى، كونستىتۇتسىيىدە تېخىمۇ ئوچۇق بەلگىلەندى.

دولىتىمىزدە، چەتئەللەرگە ئولتۇراقلاشقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاشلا دولەتنىڭ ئىگىلىرىدۇر. بىرىنچى نوۋەتلىك پۈتۈن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن 30 دېپۇتات قاتنىشىپ، كەڭ مۇھاجىرلارنىڭ ئورتاق ئىرادىلىرى ۋە ئارزۇلىرىنى ئىپادە قىلدى. دولەتكە ئىگىلىك قىلىش ئىشلىرىنى ژۇرگۈزدى.

نەچچە ژىلدىن بۇيان ھەرقايسى جايلاردىكى مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىدارىلىرى پارتىيە ۋە خەلق ھوكۇمىتىنىڭ رەھبەرلىگىدە ۋەتىنىمىزگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار تاۋاباتلىرىنى تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىشقا، تىرىشىپ ئوگۇنۇشكە رىغبەتلەندۇردى، ئىختىيارىلىق پرىنسىپىغا ئاساسەن ھەمكارلىشىش ۋە كوئوپېراتسىيە تەشكىلاتلىرىغا قاتناشتۇردى، شۇنىڭدەك ئۇلارغا ياردەم قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ھەم تۇرمۇشلىرىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى. دولەت ۋەتىنىمىزگە قايتقان مۇھاجىرلارغا ئىمكانىيەتكە قاراپ تېگىشلىك غەمخورلۇق قىلدى. مەجبۇرىيەت ئاستىدا ۋەتىنىمىزگە قايتىپ كەلگەن مۇھاجىرلارنى يەنە مۇۋاپىق دەرىجىدە ئورۇنلاشتۇردى. مەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كىزىي ۋە يەرلىك مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىدارىلىرى كۆتۈپ ئالغان ۋە ئورۇنلاشتۇرغان ۋەتىنىمىزگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان مۇھاجىرلار 55 مىڭدىن ئارتىدۇ. دۆلەت دېخانىچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش، زۇرتىغا قايتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار تاۋابىئاتلىرى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن رايونلاردا، دۆلەت يەنە مۇھاجىرلارغا خىزمەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنى تەشكىل قىلىپ، مەخسۇس ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ تاۋابىئاتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. خېلى جىق مۇھاجىر تاۋابىئاتلىرى ھەم ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر ئوقۇغۇچىلىرى بانكىنىڭ مۇھاجىرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بۆلۈمىدىن ئاز سوممىلىق قەرز پۇل ئېلىپ، پۇل پىرووۋدىنىڭ ۋاقىتىنچە توختاپ قېلىش نەتىجىسىدە تۇغۇلغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى. نۇرغۇنلىغان مۇھاجىر تاۋابىئاتلىرى ۋە ئائىلىلىرى مۇھاجىرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بۆلۈمىنىڭ ياردىمى ئاستىدا يەنە ئۇزاق جايلاردىن بۇيان دەرەكسىز قالغان تۇققانلىرىنى تېپىپ ئالدى. مەسىلەن: فۇجەن ئۆلكىسى يۇنچۇڭ ناھىيىسىدىكى مۇھاجىر تاۋابىئاتى گو ۋاڭ شۇنداق قىلىپ ئون نەچچە ژىل خەۋەر ئالالمىغان ئۆز ئېرىنى تېپىپ ئالدى.

لېكىن ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكى

سىغا دۈشمەنلىك كۆز بىلەن قارىغانلىقىدىن، بىرتەرەپتىن ئامې-
رىكىدىكى جۇڭگو مۇهاجىرلىرىغا زۇلۇم قىلسا، يەنە بىرتەرەپ-
تىن ئۆزىنىڭ يالاقچى دولەتلىرىنىمۇ جۇڭگو مۇهاجىرلىرىغا
زۇلۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ئاقشىنىڭ كۈشكۈرتىشى ئاس-
تىدا فىلىپپىننىڭ رىباكسون هوكۇمىتى جۇڭگو مۇهاجىرلىرىنىڭ
ۋەتەنگە قايتىشىنى مەنئى قىلىش دەپ ئاتالمىش سىياسەتنى ئىجرا
قىلدى. مالايادا يەرلىك مۇستەملىكىچى هوكۇمەت يولسىزلىق
بىلەن تۇرغۇزۇلغان جۇڭگو مۇهاجىرلىرىنى هايداپ چىقاردى.
تايلاندىدا شۇيەرلىك رىباكسون هوكۇمەت تېخىمۇ غالجىر-
لارچە جۇڭگو مۇهاجىرلىرىنى تۇتقۇنغا ئالدى. مەسىلەن: تاي-
لاندىدىكى قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان مۇهاجىرلارنىڭ ۋەتەنگە قايت-
قان جۇڭگو مۇهاجىرلىرىنىڭ گۇاڭجۇ شەھرىدىكى دوستانە
ئۇيۇشمىسىغا يازغان خېتىدە، مۇشۇ رىباكسون هوكۇمەتلەرنىڭ
جۇڭگو مۇهاجىرلىرىغا زۇلۇم سېلىش ئەهۋاللىرى ھەققى تۇردە
ئاشكارىلاندى. خەتتە: «ھەتتا بىز تۇرغان تۇرما ئۆيلىرى
شۇنداق تاركى، ئۆيەردە تۇگۇلمىگىچە ياتقىلى بولمايدۇ، دايىم
خاتىرجەم ئۇخلىيالمايمىز؛ يەيدىغىنىمىز قۇمئارىلاش تاماق. سېسى-
غان بېلىق، كۆكەرگەن سەي؛ هاۋا ناهايىتى ئىسسىق، لۇڭگەچى-
لاپ سالقىنلاپ ئالغىدەك سۇمۇ يوق، كېسەل بولغانلارنى دا-
ۋالاشقا دوختۇر، دوراكام. بىر مۇنچە قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان
مۇهاجىرلار كېسەل بولۇپ تۇرمىدا ئۆلۈپ كەتتى» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com

بۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇھاجىرلىرىمىزغا زۇلۇم سالغان ۋەھشىلىك ھەرىكەتلىرىگە نىسبەتەن ھۆكۈمىتىمىز جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق ھەم مەنپەئەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش روھىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇختۇرۇش چىقىرىپ، قاتتىق قارشىلىق بىلدۈردى. 1954 ـ يىلى ئىيۇن ئېيىدا فىلىپپىن ھۆكۈمىتى «پارچە سودا قىلغۇچى سودىگەرلەرنى فىلىپپىنلاشتۇرۇش قانۇنى» دەپ ئاتالمىش قانۇننى چاكالاپ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا زۇلۇم قىلغىنىدا «ژىنمىن ژىباۋ» گېزىتى ئوبزور چىقىرىپ: «جۇڭگو خەلقى فىلىپپىن ھۆكۈمىتىگە شۇنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇدىكى، مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ قۇدرەتلىك ۋەتىنى باردۇر. ئۇلارغا ھەرقانداق ئادەمنىڭ خالىغىنىچە زۇلۇم قىلىشىغا يول قويمايدۇ. فىلىپپىن ھۆكۈمىتى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا ھەرقانداق زۇلۇم قىلىش ھەرىكەتلىرىنى توختۇتۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇش، تىجارەت قىلىش، بىلىم ئېلىش، سوز قىلىش جەھەتلىرىدىكى ھەققانىي ھوقۇقلىرىنى تولۇق مۇھاپىزەت قىلىشى شەرت» دەپ يازدى.

ژۇقۇرىدىكى فاكتلار دۆلىتىمىزنىڭ چەتئەلدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرىگە چەكسىز غەمخورلۇق قىلىدىغانلىغىنى ئىسپاتلايدۇ. كەڭ تارقالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ۋەتىنى بىلەن پەخىرلىنىشى كېرەك.

# VIII

## باش پانا هوقۇقى

دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە: «ھەقفانى ئىشلارنى ھىمايە قىلغانلىغى، تىچلىق ھەركىتىگە قاتناشقانلىغى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن زۇلۇمغا ئۇچرىغان ھەر قانداق چەتئەل ئادەملىرىگە جۇڭخۇا خەلق رىسپۇبلىكىسى باش پانا ھوقۇقىنى بىرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

كاپىتالىستىك دولەتلەر تىچلىق ئىشلىرىنى ھىمايە قىلغان چەتئەل ئادەملىرىگە باش پانا ھوقۇقى بىرىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى زۇلۇم قىلىدۇ. مەسىلەن: 1936 - ژىلى بىلگىيە فاشىزمغا قارشى تۇرغان 9 سىياسى مۇساپىرنى فاشىستلار گىرمانىيىسىگە باندۇرۇپ كىلىپ، گىتلىرنىڭ مەخپى ساقچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇنىڭ ئەكسىنچە ئۇلار، جاھاننىڭ تىچلىق ئىشلىرىغە زىيانكەشلىك قىلغان، ئىمپىريالىزمنىڭ تاجاۋۇزچىلىق - چەتكە كىڭىيىش سىياسىتىگە خەيىر - خالىق بىلدۈرگەن ياكى س س س رغا ۋە باشقا خەلق دىموكراتىيىسى ئەللىرىگە بۇزغۇنچىلىق ژۈرگۈزگەن چەتئەل ئادەملىرىگە «باش پانا» ھوقۇقىنى بىرىدۇ. مەسىلەن: ئا ق ش دا تۇرغۇزۇلغان ئەخبارات ئىدارىلىرى شۇنداق بىر تۈركۈم جاسۇس، شپىون ۋە باندىت-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

لارنى مەخسۇس تەربىيلەپ ھاۋادىن تاشلاش، مەملىكەت چېگرىلىرىدىن ئوغۇرلۇقچە ئوتكۈزۈۋېتىش ۋە باشقا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ۋەتىنىمىزگە ۋە خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرىگە كىرگۈزۈپ سۇيىقەستلىك بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلەرنى ژۈگۈزدى. مانا بۇ، كاپىتالىستىك دولەتلەر«باش پانا» ھوقۇقىنىڭ نومۇسسىز ۋەپەس ئىكەنلىگىنى كورسۇتۇدۇ.

تېچلىق، ئادالەتلىك ئىشلىرىنى ھىمايە قىلغانلىغى ياكى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئۈچۈن زۇلۇمغا ئۇچرىغان كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ ئادەملىرى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىدا، مەملىكىتىمىزدە ۋە باشقا خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرىدىلا ھەقىقىي باش پانا ۋە قىيىنچىلىقتىن خالاس بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولالايدۇ.

بىزنىڭ دولىتىمىز تېچلىقپەرۋەر، تەجاۋۇزچىلىققا قارشى دولەتتۇر. مەملىكىتىمىزدە خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلىشى خەلققارا تېچلىق كۈچلىرىنىڭ خەيىر ـ خالىغى ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن زىچ باغلانغاندۇر، خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتى تېچلىقپەرۋەر مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلانغاندۇر. ئوتمۇشتىمۇ، بۇ ھەر قايسى مەملىكەتلەردىكى تېچلىقپەرۋەر خەلقلەر بىزنى قوللىدى ۋە قوللىماقتا، بىزمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق خەلقارا دوستلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇشىمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ جاھان تېچلىغىنى ھىمايە قىلىش كۈرەشلىرىنى قوللىشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن تېچلىق ـ ھەقانى ئىشلارنى

ھىمايە قىلغانلىغى ، تىنچلىق ھەركەتلىرىگە قاتناشقانلىغى ياكى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىلمى تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئۈچۈن زۇلۇمغا ئۇچرىغان ھەر قانداق چەتئەل ئادەملىرىگە باش پانا ھوقۇقى بېرىش لازىم، بۇ خۇددى دۆلىتىمىزنىڭ بۇ ئادەملەرگە چوڭقۇر غەمخورلۇق قىلىدىغانلىغىنى كۆرسۈتۈدۇ، شۇنىڭدەك بۇ، خەلقىمىزنىڭ يۈكسەك ئىنتېرناتسىيونالىزم روھىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككىنچى باپ
# گراژدانلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىلىرى

دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە گراژدانلارنىڭ ھوقۇقىنى بەلگىلىنىش بىلەن بىللە گراژدانلارنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرىمۇ بەلگىلەنگەن، ئۇلار: كونستىتۇتسىيىگە ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش، ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش، جامائەت تەرتىۋىگە رىئايە قىلىش، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ھورمەت قىلىش؛ جامائەت مۇلۇكلىرىنى ئاسراش ۋە قوغداش؛ قانۇن بويىچە باج تولەش؛ ۋەتەننى قوغداش ۋە قانۇنغا بىنائەن ھەربى خىزمەت ئوتەشدۇر.

I

## كونستىتۇتسىيىگە ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش، ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش، جامائەت تەرتىۋىگە رىئايەقىلىش، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ھورمەت قىلىش

دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە: «جۇڭخۇا خەلق رىسپۇبلىكىسىنىڭ گراژدانلىرى كونستىتۇتسىيىگە ۋە قانۇنلارغا، ئەمـ

گەك ئىنتىزامىغا ۋە جامائەت تەرتىۋىگە رىايە قىلىشى ھەم ئىجتىمائى ئەخلاقىغا ھورمەت قىلىشى شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن.

(1) كونستىتۇتسىيىگە ۋە قانۇنلارغا رىايە قىلىش

كونستىتۇتسىيە ۋە قانۇنلار ئۇستقورما بولۇپ، ئۇلار ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ مەنپەتى ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ. ھازىر دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرگە ئوخشاش بولمىغان سىنىپلار ھوكۇمرانلىق قىلماقتا. شۇنىڭ ئۇچۇن ھەر قايسى ئەللەرنىڭ كونستىتۇتسىيىلىرىمۇ تۇرلۇك تىپتا بولۇدۇ ۋە تۇرلۇك رولارنى ئوينايدۇ. بىزنىڭ دولتىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دولىتى بولۇپ، خەلق دولەتنىڭ ئىگىسى، شۇنىڭ ئۇچۇن دولتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيە ۋە قانۇنلىرى پۇتۇن مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ ئىرادىسىغا ئاساسەن تۇزۇلگەن ۋە شۇسەۋەپتىن ئۇ پۇتۇن مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ مەنپەتىنى ھىمايە قىلىدۇ. مانا بۇ كاپىتالىستىك دولەتلەرنىڭ ھەم جاڭكەيشى گومىندىڭىنىڭ رىياكىسون كونستىتۇتسىيە ۋە قانۇنلىرىغا تامامەن ئوخشىمايدۇ.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى جاڭكەيشى گومىندىڭى ھوكۇمرانلىق قىلغان چاغدىكى كونستىتۇتسىيە ۋە قانۇنلار 4 چوڭ ئائىلىنىڭ جاڭكەيشى، سۇڭ زىۋېن، كۇڭشاڭشى، چېن لىفۇنىڭ ئىرادىسىغا ئاساسلىنىپ تۇزۇلگەن، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار شۇ 4 چوڭ ئائىلىنىڭ مەنپەتى ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان، جاڭكەيشى

www.uyghurkitap.com

گومىندىڭنىڭ خەلقنى باستۇرۇش قۇرالى ئىدى. جاڭ كەيشى گومىندىڭنىڭ كونستىتۇتسىيىسى ۋە قانۇنلىرىغا خەلق رىئايە قى-لىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى ئۆچ كورەتتى ۋە شۇنىڭغا قارشى تۇراتتى. چۈنكى ئۇ دۈشمەننىڭ بىزگە ھوكۇمرانلىق قىلىشتىكى ۋە بىزنى ئېزىشتىكى كىشەنلىرى بولۇپ، ئۇلارنى پاچاخلاپ تاشلىمىغاندا، ئازاتلىققا ۋە ئەركىنلىككە ئىگە بولا-مايتتۇق.

خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قازىنىشى ۋە جۇڭگو خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن گومىنداڭنىڭ رىياكسون ھوكۇمرانلىغى تولۇق ئاغدۇرۇلۇپ، گومىنداڭنىڭ كونستىتۇت-سىيە ۋە قانۇنلىرى ئەبىدى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. خەلق دولەتنىڭ ئىگىلىرىگە ئايلاندى، ھاكىمىيەت خەلقنىڭ قولىغا ئوتتى، دولىتىمىز خەلقنىڭ ئوز قانۇنلىرى، خەلق دېموكرا-تىيىسىنىڭ دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش، دولەت قۇرۇلۇشىنى ۋە خەلق مەنپەتىنى ھىمايە قىلىش، دۈشمەنلەرنى بېسىقتۇ-رۇشتىكى قۇدرەتلىك قۇراللارغا ئايلاندى.

دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسى، دولىتىمىزنىڭ ئاساسى ئۇمۇمى قانۇنلىرىدۇر. دولىتىمىزنىڭ قانۇنلىرى خەلق قانۇنلىرى-دۇر. پەقەت دولەتنىڭ ھەر بىر ئورگىنى، ھەر بىر گراژدىنى كونستىتۇتسىيىگە ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلغاندىلا، كونستىتۇتسىيە ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن ئىش ئېلىپ بارغاندىلا، بىزنىڭ دولە-

تىمىز كۈندىن ـ كۈنگە مۇستەھكەملىنىدۇ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ناھايىتىمۇ رىۋاجلىنىدۇ، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى كۆپلەپ ياخشىلىنىدۇ ۋە ژۇقۇرى كۆتۈرۈلىدۇ. كونستىتۇتسىيە ۋە قانۇنلارغا رىايە قىلىش يالغۇز دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر. شۇڭلاشقا كونستىتۇتسىيىگە ۋە قانۇنلارغا رىايە قىلىش بىزنىڭ ئەڭ بىرىنچى ۋەزىپىمىزدۇر.

كونستىتۇتسىيىگە ۋە قانۇنلارغا رىايە قىلىشنىڭ يەنە باشقا بىر ئەھمىيىتى بار، ئۇ بولسىمۇ، ھەر قانداق دۈشمەنگە پايدىلىنىش مۇمكىن بولغان پۇرسەت قالدۇرماسلىقتۇر. لېنىن شۇنداق دېگەن: «بۇ ئاز بولسىمۇ قانۇنسىزلىق، سوۋېت تەرتىۋىنى ئازلا بولسىمۇ بۇزۇشنىڭ ئۆزى ئەمگەكچىلەرنىڭ دۈشمەنلىرى دەرھال پايدىلىنىدىغان نۇقساندۇر»[1]. دېمەك قانۇنغا خىلاپ ھەركەت، ھەر قانداق كىچىك بولسىمۇ پەقەت دۈشمەنلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، بىز ئۈچۈن ئېغىر زىيان كەلتۈرۈدۇ، ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىمىزنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق، دۈشمەنگە پايدىلىنىش مۇمكىن بولغان ھېچقانداق پۇرسەت قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، كونستىتۇتسىيە ۋە قانۇنلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن رىايە قىلىشىمىز شەرت.

① «لېنىن ئەسەرلىرى» ئۆزبەكچە 29 ـ توم. 584 ـ بەت.

مەملىكىتىمىزدە، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىمتىيازلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دولەت خادىملىرى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزگە ئوخشاشلا كونستىتۇتسىيە ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش زورۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كونستىتۇتسىيە ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشتا نەمۇنىچىلەردىن بولۇشى لازىم. يولداش لىيۇشاۋچى: «كونستىتۇتسىيىگە بارلىق خەلقىمىز ۋە دولەت ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى رىئايە قىلىشى لازىم. پۈتۈن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دېپۇتاتلىرى ھەم بارلىق دولەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى خەلقنىڭ چاكارلىرىدۇر، بارلىق دولەت ئورگانلىرى خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئورگانلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كونستىتۇتسىيىگە رىئايە قىلىشتا ۋە كونستىتۇتسىيىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەت بېرىشتە ئۇلاردا ئالاھىدە مەسئۇلىيەت بار»[1] دېگەن. دېمەك، مەملىكىتىمىزدە مەيلى قانداقلا ئادەم بولسۇن ھەممىسى كونستىتۇتسىيىگە ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشلىرى لازىم. دولەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىمۇ ھەرگىز بۇنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتالمايدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دولىتىمىزگە رەھبەرلىك قىلغۇچى پارتىيىدۇر، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىمۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزگە ئوخشاشلا كونستىتۇتسىيىگە ۋە قانۇنلارغا

[1] «جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ كونستىتۇتسىيىسى» — ئۇيغۇرچە نەشرى (نەفىس تاشلىق) 139 — بەت.

رىئايە قىلىشلىرى لازىم. يولداش لىيۇشاۋچى مۇنداق دېگەن:

«پارتىيىنىڭ ھەربىر ئەزاسى پەقەت پارتىيە ئىنتىزامىغىلا رىئايە قىلىش تىگىشلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتنىڭ بارلىق قانۇن، ئىنتىزاملىرى ۋە باشقا بارلىق ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلار ــ ئىنقىلاۋىي ھەربى قوشۇنلار، ئىنقىلاۋىي ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ئىنقىلاۋىي ئىش ئىدارىلىرىنىڭ ئىنتىزاملىرىغىمۇ نەمۇنىلىك رەۋىشتە رىئايە قىلىشلىرى لازىم. پارتىيىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى تۇرلۇك ئىنقىلاۋىي ئىشلاردا نەمۇنىلىك رول ئوينىشى لازىم. پارتىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش بىلەن ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت ۋە بارلىق ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىنتىزاملىرىغا نەمۇنىلىك رەۋىشتە رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيىنىڭ ھەربىر ئەزاسى، ئەگەر ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت ۋە بارلىق ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىنتىزاملىرىغا رىئايە قىلمىسا، پارتىيە ئىنتىزامىغىمۇ رىئايە قىلمىغان بولۇدۇ»[1] بۇ كومپارتىيە ئەزالىرىدىكى كونستىتۇتسىيىگە ۋە قانۇنلارغا ھەر قانداق خىلاپلىق قىلىش ھەركەتلىرىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى دىگەن شەرەپلىك نام بىلەن سىغىشالمايدىغانلىغىنى كورسۇتۇدۇ. بۇنىڭدىن كورۇشكە بولۇدىكى، مەملىكىتىمىزدە كونستىتۇتسىيىگە ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىش ھەر بىر گراژدانىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر، ھەر قانداق ئادەمنىڭمۇ ئالاھىدە بولۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

① «پارتىيە توغرىسىدا» ئۇيغۇرچە نەشرى 165 ــ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



### (2) ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىايە قىلىش

مەملىكىتىمىزدە ئەمگەك-شەرەپلىك، قەھرىمانلىق ۋە پەخىرلىك ئىشدۇر. دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە گراژدانلار ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەنگەن، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە گراژدانلىرىمىزدا ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىايە قىلىش ۋەزىپىسى بولۇدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

ئەمگەك ئىنتىزامى ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتتە ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر بولۇدۇ. كاپىتالىستىك ئەللەردە زاۋود-فابرىكىلار ھەممىسى كاپىتالىستلارنىڭ خۇسۇسى مۈلكى بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقلەر تىرىكچىلىك ئۈچۈن، تاماق ۋە بىر ئائىلىدىكى چوڭ-كىچىك ئەزالارنى بېقىش ئۈچۈن ناھايىتى ئازلا ئىش ھەققىگە ئۆز ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇدۇ. بۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كاپىتالىست ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئەمگەكدۇر. شۇڭلاشقا كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ئاڭلىق ئەمگەك ئىنتىزامىنىڭ بولۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس. لېكىن كاپىتالىستلار ئىشچىلارنى جىق ئىش قىلدۇرۇپ كۆپرەك پۇل تېپىش ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر ئىنتىزاملارنى بەلگۈلەپ ئىشچىلارنى رىايە قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، شۇنىڭدەك، جەرىمانە سېلىش، خىزمەتتىن ھايداش قاتارلىق چارىلار بىلەن ئىنتىزامنى ساخلايدۇ. بۇ، كاپىتالىستىك ئەل-

لەردە ئىنتىزامنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپىتىگە زىت ئىكەنلى-
گىنى كورسۇتۇدۇ.

بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە ئەھۋال ئۇنىڭغا تامامەن ئوخشىمايدۇ.
بىزدە ھەر بىر ئەمگەكچىنىڭ ئەمگىگى دولەتكە ۋە خەلىقنىڭ
ئوزىگە بايلىق يارىتىش ۋە ئاشۇرۇش، دولەت قۇرۇلۇشىغا كۆچ
قوشۇشنى مەخسەت قىلىدۇ، يەنى بىز ھەر قايسىمىز قانچىلىك
ياخشى ئىشلىسەك دولەت ۋە جەمئىيەت شۇنچە بېيىدۇ، سوتسىيا-
لىستىك جەمئىيەت شۇنچە تېز يېتىپ كېلىدۇ، خەلقنىڭ تۇر-
مۇشمۇ شۇنچە ژۇقۇرى كوتۇرۇلۇدۇ. شۇڭلاشقا ئەمگەك ئىنتىزامى
مەملىكىتىمىزدە كوللېكتىۋ ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتنىڭ توغرى
ئېلىپ بېرىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەمدە ئادەملەرنىڭ ئەمگەك
ئاكتىۋلىغىنى تەشكىللەش ۋە جارى قىلىشنىڭ ھەركەتلەندۇر-
گۇچى كۆچىكە ئايلانغاندۇر. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپىتىگە
تامامەن مۇۋاپىقدۇر، بىزگە يالغۇز ئۇنىڭغا ئامدان رىايە قىلىش
لازىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىايە قىلىشنى
ھەربىر گراژداننىڭ ئاڭلىق ھەركىتىگە ئايلاندۇرىشىمىز لازىم.

ئەمگەك ئىنتىزامى، ئەمگەكچى خەلقلەر بىرلىكتە خىزمەت
قىلغان ۋاختىلىرىدا رىايە قىلىشلىرى شەرت بولغان قايىدىلەردۇر.
ئىنتىزام بولمىسا، خىزمەت كاپالەتسىز قالىدۇ. ھەر بىر گراژدان
مەيلى ئىدارىدا ياكى كارخانىدا ئىشلىسۇن، ھەممىسى كوللېك-
تىۋ ئەمگەككە قاتنىشىدۇ. كوللېكتىۋ ئەمگەكتە ھەر كىشىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئەمگەكچى باشقىلارنىڭكى بىلەن ئۆز ـ ئارا باغلىنىشلىق بولۇدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلماسلىق بىلەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالماسلىق تەسىرىدە باشقا بولۇملەر بىلەن ۋە ھالقىلارمۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمايدۇ. شۇڭلاشقا بىرلىشىپ ئەمگەك قىلىشنىڭ قايىدە ۋە تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلىشىمىز، يەنى ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشىمىز شەرت.

ئەمگەك ئىنتىزامى پەقەت ۋاختىدا ئىشقا چىقىپ، ۋاختىدا ئىشتىن چۈشۈش، كەچ قالماسلىق، بالدۇر يانماسلىق، ئىشقا كەلمەي قويماسلىقلاردىنلا (ئەلۋەتتە بۇلار ناھايىتى مۇھىم) ئىبارەت ئەمەس. ئۇ تېخىمۇ مۇنتىزىم ۋە تېخىمۇ باي مەزمۇنلارغا ئىگە، ئۇلار بولسىمۇ ـ ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتتە ھەممە خىزمەت تۈزۈملىرىگە ھەم ئىش قايىدىلىرىگە رىئايە قىلىش، جامائەت مۈلكىنى ئاسراش، بوي سۇنۇش، سۈپەتكە كاپالەت بېرىش، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنلاشلاردىن ئىبارەت. قىسقىچە ئېيتقاندا جان ـ دىلى بىلەن كۈڭۈل قويۇپ ئىشلەش، راستچىللىق، سەممىيەتلىك بىلەن ئىشنىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتلىرىدىكى ھەممە تەرەپلىرىنى ئورۇنلاش، شۇنىڭدەك ئىدارە ۋە كارخانىلاردىكى ھەممە قايىدىلەرگە رىئايە قىلىشدۇر.

بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە ئەمگەك ئىنتىزامىغا ئاڭلىق تۈردە رىئايە قىلغۇچىلار، ئەڭ كۆپچۈلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىمۇ دۆلەتنىڭ توھپە تەقدىم قىلالايدۇ، دۆلەتنىڭ تاپ‑

شۇرغان ۋەزىپىسىنى ئۇزلۇكسىز ئورۇنلايدۇ ۋە ئاشۇرۇپ ئو-
رۇنلايدۇ. مەسىلەن: لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى
ۋاڭ خىڭچىڭ 6 يىل جەريانىدا ئىشتىن ھېچ قالمىغان، ئەمگەك
ئىنتىزامىغا ئىزچىللىق بىلەن رىئايە قىلغان، ھېچقانداق ۋاقە
سادىر قىلماي، دۆلەت تاپشۇرغان خىزمەت ۋەزىپىسىنى تەكشى
ئورۇنلىغان. لېكىن ئازسانلىق شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى،
ئۇلارسىنىپى ئېڭى ژۇقۇرى بولماي، ئەمگەككە كونا كوز قاراش-
لىرى بىلەن قارىغاشقا، ھامان ئازراق ئىشلەپ، كوپرەك ھەق
ئالسام دەپ ئويلايدۇ، شۇڭلاشقا سۇستلىق بىلەن ئىشلەيدۇ،
دايىم براك چىقىرىدۇ، ھامان ئىشتىن كەچ قالىدۇ، ھەتتا
سەۋەپسىز ئىشقا چىقمايدۇ. بەزى ئادەملەر ئىشقا كوڭۇل قويماي
قانداق كەلسە شۇنداق ئىشلەيدۇ، ئىش قائىدىلىرىگە رىئايە قىل-
مايدۇ، جاۋاپكارسىزلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ماشىنىلارنى
بۇزۇپ قويۇدۇ ياكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا زىيان كەلتۇرۇدىغان
ۋاقەلەرنى تۇغدۇرۇدۇ. بۇنداق ئادەملەر مەملىكىتىمىزدە جەم-
ئىيەتتىكى ئەپكار ئاممىنىڭ ئېيىپلاشلىرىغا ئۇچراپلا قالماستىن،
ئىدارە ۋە كارخانىلار تەرىپىدىن ئىنتىزام جازاسىغا يولۇقۇدۇ،
ئەگەر ئەھۋالى ئېغىر بولسا، قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ.

### (3) جامائەت تەرتىۋىگە رىئايە قىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاققا ھۆرمەت قىلىش

كونستىتۇتسىيىدە دولىتىمىزنىڭ گراژدانلىرى جامائەت تەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تىۋىنگە رىايە قىلىشى ۋە ئىجتىمائى ئەخلاقىقا ھورمەت قىلىشى
شەرت دەپ بەلگىلەنگەن، دىمەك، ھەربىر گىراژدان كونستى-
ئۇتسىيە ۋە قانۇنلارغا رىايە قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئەخلاق
ـبەھەتتىن ئاداقىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشى شەرت.

مەيلى قانداقلا جەمئىيەتتە بولمىسۇن، ھەممىسىدە كىشى-
لەرنىڭ ئۇمۇمى تۇرمۇش قايىدىلىرى بولۇدۇ. بۇنداق قايىدى-
لەرنىڭ مەزمۇنى، ھەر قايسى ئەلنىڭ ئىجتىمائى تۈزۈمىگە قا-
راپ بەلگىلىنىدۇ. بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىمۇ مۇستەسناسىز
ھالدا ئۇمۇمى خەلق ئېتىراپ قىلىدىغان ئۇمۇمى تۇرمۇش قايى-
دىلىرى بار. بۇ قايىدىلەر ئاساسەن كونستىتۇتسىيە ۋە قانۇنلارغا
يېزىلغان بولۇپ، ئادەملەر ھەركىتىنىڭ ئۆلچىمىگە ئايلىنىدۇ.
ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماسلىغى كېرەك، كىمكى خى-
لاپلىق قىلسا ئۇجىنايەت قىلغان بولۇدۇ. قانۇن بويىچە جازاغا
تارتىلىدۇ. لېكىن يەنە بەزى تۇرمۇش قايىدىلىرىمۇ بار، مەسى-
لەن: ئادەتتىكى جامائەت تەرتىپلىرى. ئۇلار قانۇندا تەپسىلى
يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەملەر ئۇلارغىمۇ ئوخشاشلا رىايە
قىلىشلىرى كېرەك. خىلاپلىق قىلىش ياكى بۇزۇشقا يول قويۇل-
مايدۇ، ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلار يەنە قانۇن بويىچە جازاغا
تارتىلىدۇ، يېنىك خىلاپلىق قىلغانلارمۇ جەمئىيەتتىكى ئەيىپكار
ئاممىنىڭ ئەيىپلاشلىرىغا يولۇقىدۇ. مەسىلەن: جامائەت تەرتىۋىگە
ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن لۈكچەكلەر قانۇن بويىچە جازاغا تار-

تىلىدۇ. ئاۋتوبۇسلارغا ئولتۇرغاندا ئارقىدا قالماي ئالدىن
ئولتۇرۇۋشقا تالىشىپ، خەلقنى قىستاش، غاۋغا تۇغدۇرۇۋش،
پارنىكلاردا گۇل ۋە شاخلارنى سىندۇرۇۋش، جىم-جىتلىق
لازىم بولغان جامائەت ژىغىلىدىغان جايلاردا، ۋاراڭ-چۇ-
رۇڭ، غاۋغا چىقىرىش، تىياترلاردا تاماكا چېكىش، ئولتۇرۇ-
دىغان ئورۇنلارنى دەسسەش، ھەركەت ۋە سوزدە ئاياللارنى
پەس كورۇش، ھورمەت قىلماسلىق، ئاتاغلىق ئەسەر-ئەتىقە-
لەرنىڭ ئۇستىگە سىزىق سىزىش، يىزىق يىزىش ۋە شۇ-
نىڭغا ئوخشاشلار قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلمىسىمۇ، لېكىن بۇن-
داق قىلىقلىرى بولغان ئادەملەر ئەپكار ئاممە تەرىپىدىن ئەخ-
لاقسىز دەپ ئېيىپلىنىدۇ. چۇنكى بۇنداق قىلىقلار دولەت ۋە
خەلق مەنپەئەتىگە ئازدۇر-كوپدۇر زىيان يەتكۇزۇدۇ.

ئىجتىمائى ئەخلاق ئادەملەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىق، ھەق
ۋە ناھەقلىقنى باھالايدىغان ئولچەمدۇر. لېكىن، بۇ ئولچەم
ئىجتىمائى تۇزۇمنىڭ ئوخشاش بولمىغىنىغا قاراپ ھەر تۇرلۇك
بولۇدۇ. كاپىتالىستىك تىپتىكى دولەت بىلەن سوتسىيالىستىك
تىپتىكى دولەتلەر ئەخلاقىنىڭ ئولچىمى تۇپ-ئاساسىدىن بىر-
بىرسىگە ئوخشىمايدۇ.

كاپىتالىستىك دولەتلەرنىڭ ئىجتىمائى ئەخلاقى ھەددىدىن
ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ۋە ئىگو ئىستلىق ئۇستىگە قۇرۇلغان-
دۇر. كاپىتالىستىك ئەخلاقىنىڭ ئىپادىسى ئوز-ئارا دۇشمەنلىك،

ئوز ــ ئارا ئىشەنمەسلىك، بىر ــ بىرسىنى ئالداشدۇر. «ئۇلار ئادەم ئوز مەنپىتىنى كوزلىمىسە ھايات ياشىيالمايدۇ»، «چوڭ بېلىق چەزمەن كىچىك بېلىقنى يۇتۇدۇ، كىچىك بېلىق چەزمەن قۇمۇچاقنى يۇتۇدۇ» دەيدۇ. شۇڭلاشقا كاپىتالىستىك ئەللەردە ئىجتىمائى ئەخلاق ناھايىتىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەندۇر، ئادەم ئولتۇرۇش، ئوت قويۇش، باسقۇنچىلىق، بۇلاش-تالاش ئىشلىرى ھەممىلا جايدا تۇغۇلۇدۇ. ئاقش يازغۇچىسى مىيل بۇنى ماختىنىشقا ئەرزىيدىغان ئىش دەپ تونۇپ «ئىرادە ئەركىنلىكى» نىڭ ئىپادىسى دەپ ئېيتىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ رىۋاجلىنىشى بىلەن تەڭ ئەمگەكچى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا پەيدىن ــ پەي بىر خىل يېڭى ئەخلاقىي كەيپىيات شەكىللەنمەكتە. بۇ يېڭى ئەخلاق سوتسىيالىستىك ئەخلاق ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاقىدۇر. بۇ ئەخلاق ھەر بىر گراژدانىدىن ۋەتەننى سويۇش، خەلقنى سويۇش، ئەمگەكنى سويۇش، ئىلىم ــ پەننى سويۇش، جامائەت مۈلۈكلىرىگە كويۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئوز ــ ئارا بىر ــ بىرسىگە قېرىنداشلارچە ياردەم بېرىشنى ھەممە مىللەت خەلقلىرىگە دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشنى، بالىلارغا ئوز بالىسىغا ئوخشاش غەمخورلۇق قىلىش ۋە كويۇنۇشنى، ياشانغان ئادەملەرگە ھورمەت قىلىش ھەم ئۇلارغا ياردەمدە بولۇشنى، دوستلىرى ۋە يولداشلىرىغا سادىق

ۋە راستچىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر بىر گراژدانىدىن شەخسى مەنپەەت بىلەن دولەت مەنپەتى ۋە خەلق مەنپەتىنى بىرلەشتۈرۈشنى، ئالدى بىلەن دولەت ۋە خەلق مەنـ پەتىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى، زورۇر بولغاندا دولەت ۋە خەلق مەنـ پەتى ئۈچۈن، شەخسى مەنپەتىنى قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە نۇرغۇنلىغان ئالىي خىسلەتكە ئىگە ئادەملەر بار، ئۇلار فرونتتا، زاۋود ـ فابرىكا ۋە يېزىلاردا دولەت قۇرۇلۇشى، جاھان تىنچلىغى ئۈچۈن ئۆز ئەمگەكلىرىنى ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلىدۇ. مەسلەن: چاۋشەن فرونتىدا بىر چاۋشەن بالىسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياش ھاياتىنى قۇربان قىلغان ئىنتېرناتسىونالىست قەھرىمان لۇشىڭجاۋ، دۈشمەننىڭ ئوق چىقىرىدىۋاتقان ئىستىھكامىنىڭ ئاغزىنى ئۆزگەۋدىسى بىلەن توساپ، ئۆزىنىڭ كەينىدىكى قوشۇنلارغا ئالغا بېسىش يولىنى ئېچىپ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغان قەھرىمان خۇاڭجىگۇاڭلار ـ ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى، پۈتۈن مەمـ لىكەت خەلقىمىزنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرىدۇر.

## II

## جامائەت مۈلۈكلىرىنى ئاسراش ۋە قوغداش

دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە: «جۇڭخۇا خەلق رېسـ پۇبلىكىسىنىڭ جامائەت مۈلۈكلىرى مۇقەددەس ۋە دەخلىسىزـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



دۇر. جامائەت مۈلۈكلىرىنى ئاسراش ۋە قوغداش ھەر بىر گراژ-
دانىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر» دەپ بەلگىلەنگەن.

جامائەت مۈلكى ــ دولەت ئىگىلىكىدىكى ۋە خەلقنىڭ كول-
لېكتىۋ ئىگىلىكىدىكى مۈلۈكلەر بولۇپ، بۇ مۈلۈكلەر خەلقنىڭ نوۋەت-
تىكى مەنپەئەتى ۋە ئۇزاق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتى ئۈچۈن خىز-
مەت قىلىدۇ، دولىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بەش يىلدىن
بۇيان ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ماددى ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى
پەيدىن ــ پەي ياخشىلاپ، تۇرلۇك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىش-
لىرىنى يولغا قويۇپ ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ بەھرى ئېلىشىغا
تەقدىم قىلىشى، بىزدە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ
سۈرئەت بىلەن رىۋاجلىنىشى ۋە ئۆسۈشى، جامائەت مۈلكىنىڭ
كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئارتىشى ۋە كېڭىيىشى سەۋەب-
ىدىن بولدى. خەلقىمىز كونستىتۇتسىيىدە بەلگىلەنگەن تۇرلۇك
ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەردىن تېخىمۇ ياخشى بەھرى ئېلىش،
ئۆز ماددى ۋە مەدەنىي تۇرمۇشلىرىنى يەنىمۇ ژۇقۇرى كۆتۈرۈش
ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرىنى تېخى-
مۇ ياخشىلاپ ئادا قىلىشلىرى كېرەك. ھالبۇكى، جامائەت مۈ-
لۈكلىرىنى ئاسراش ۋە قوغداش، ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى
مۇھىم بىرسىدۇر. چۈنكى، ھەر بىر گراژدان دولەت ياكى
كوئوپېراتىۋنىڭ ھەربىر تال چۆپ ۋە ياغىچىنى، ھەر بىر تال
ژىپ ۋە ژىگنىسىنى ناھايىتىمۇ ياخشىلاپ ئاسرىغان ۋە قوغدىغانى-

دىلا، ھەممە جامائەت مۇلۇكلىرىدىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش
ئىشلىرىدا ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشىمىز، جامائەت مۇلۇكلىرىدىن
تېخىمۇ ياخشىلاپ كۆپچۈلۈك ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز مۇمكىن.
ئەگەر جامائەت مۇلكىگە زىيان يېتىدىكەن، ئۇنىڭدا دولەت ۋە
خەلق مەنپىتىگە زىيان يەتكەن، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى-
مىزغا زىيان يەتكەن بولۇدۇ.

جامائەت مۇلۇكلىرىنى ئاسراش ۋە قوغداشتا ھەممىدىن
ئاۋال ئەستايىدىللىق بىلەن ئىختىساتقا رىئايە قىلىش ۋە ئىسراپ-
چىلىققا قارشى تۇرۇش لازىم. بارلىق دولەت ئورگانلىرى، دو-
لەت كارخانىلىرى ۋە كوئوپېراتىۋ خادىملىرى ھەممىسىمۇ پۇختا
ھېساپچىل بولۇش، ئىختىساتچىل بولۇش ۋە جامائەت نەرسە-
لىرىگە كويۇنۇشتەك ستىللارنى ئۆزلەشتۈرۈشلىرى لازىم.

جامائەت مۇلۇكلىرىنى ئاسراش ۋە قوغداش يەنە ھەر قايسى
گىراژدانىدىن بارلىق خىيانەتچىلىك، بۇلاڭچىلىق ۋە جامائەت
مۇلۇكلىرىنى ۋەيران قىلىشتەك جىنايى ھەركەتلەر بىلەن قەتئى
كۈرەش قىلىشنى، بولۇپمۇ دۈشمەننىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن
كۈرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دولىتىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇشنى باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھايدىلىپ تاشلانغان ئىمپېرىيا-
لىستلار ۋە ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانغان رېئاكسىيون سىنىپلار، ئۆزلە-
رىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە رازى بولمايدۇ. ئۇلار مىڭ بىر ھىيلىلەر بى-
لەن جاسۇسلار، شپىئونلار، يوشۇرۇنغان ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇر-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لار، لۈكچەكلەر ۋە بارلىق رىياكسىون ئۇنسۇرلاردىن پايدىلىنىپ دولىتىمىزگە تۈرلۈك زىيانكەشلىك ھەركەتلىرىنى ژۈرگۈزمەكتە. جامائەت مۈلۈكلىرىنى ۋەيران قىلىش، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك ھەركەتلىرىنى ژۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم ئۇسۇللىرىنىڭ بىرسىدۇر. شۇڭلاشقا، بىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، ھوشيارلىغىمىزنى ژۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، جامائەت مۈلۈكلىرىنى قوغداشنى ئۆزىمىزنىڭ جىددى مەسئۇلىيىتىمىز قىلىۋىلىشىمىز لازىم.

نەچچە ژىلدىن بۇيان خەلقىمىز ئىچىدە جامائەت مۈلۈكلىرىنى ئاسراش ۋە قوغداش جەھەتتىن خىللا نەمۇنىچى ئادەملەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن زاۋۇدنى قوغدايدىغان نەمۇنىچى جاۋگۈيلەن زاۋۇدنى ئاسراش سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئېغىر ياردار قىلىۋالدى. 1952 ـ ژىلدىكى «5 قارشى» ھەركەت جەريانىدا ئورغۇنلىغان ئىشچىلار، دوكان خىزمەتچىلىرى قانۇنسىز كاپىتالىستلارنىڭ دولەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغۇرلاش ھەركەتلىرىنى پاش قىلىشتا ھەر قانداق قورقۇتۇشلاردىن قورقماي، ھەر قانداق ئالدامچىلىقلارغا بېرىلمەي ئاخىرى ئورغۇن قانۇنسىز كاپىتالىستلارنى خەلق قانۇنى بويىچە جازاغا تارتقۇزدى. بۇ فاكتلار، مەملىكىتىمىزدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ جامائەت مۈلكىنى ئاسراش ۋە قوغداشنى ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىلىرىگە ئايلاندۇرغانلىغىنى كۆرسۈتۈدۇ.

ئاندىن باشقا، مەملىكىتىمىزدە ھازىر كاپىتالىستىك ئىگىلىك-

مۇ بار بولۇپ، بۇ كاپىتالىستىك ئىگىلىك ھازىر كاپىتالىست-
لارنىڭ مۈلۈكىدۇر، ئەمما سوتسىالىستىك ئۆزگەرتىلگەندىن
كېيىن كەلگۈسىدە ھەممىسىمۇ سوتسىالىستىك ئىگىلىككە، دولەت
ئىگىلىگىدىكى مۈلۈككە ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا كاپىتالىستىك زا-
ۋود - فابرىكا، كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر،
قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ مال - مۈلكىنى ۋەيران قىلىشتىن ساخ-
لىنىش ھەمدە كاپىتالىستلارنىڭ خۇسۇسى مۈلكىدىن پايدى-
لىنىپ جامائەت مەنپەتىگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن ساخلىنىش لازىم.

## III

## قانۇن بويىچە باج تۆلەش

دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە: دولىتىمىزنىڭ گراژدانى-
لىرى قانۇن بويىچە باج تۆلەشكە مەجبۇر، دەپ بەلگىلەنگەن.

باج ئېلىش دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ قۇدرەتلىك قۇرالىنىڭ
بىرخىلىدۇر، تۈرلۈك ئىجتىمائى تۈزۈمدىكى دولەتلەردە باج
ئېلىش تۈزۈملىرىمۇ تۈرلۈك بولۇدۇ.

كاپىتالىستىك ئەللەردە دولەت ھاكىمىيىتىنى ئېكسپلۇئاتا-
تۇرسىنىپلار ئىگىلىۋالغان بولۇپ، باج ئېلىش رىياكسىون ھو-
كۈمران سىنىپلارنىڭ خەلقنىڭ ژىلىگىنى شوراپ ئېلىشىدىكى
بىر چارىسىغا ئايلانغان. رىياكسىون ھوكۈمران سىنىپلار ئەم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گەكچى خەلقلەردىن سىقىپ ئالغان باج پۇللىرىنى بىر تەرەپ-
تىن ئۆزلىرىنىڭ كەيىپ ـ ساپالىق تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىشلەتسە،
يەنە بىر تەرەپتىن شۇ يوللار بىلەن خەلقنى باستۇرۇدىغان
كوپلىگەن ئەمەلدار، ئەسكەر، ساقچىلارنى باقىدۇ. بولۇپمۇ
هازىرقى زامانىنىڭ ئىمپېرىيالىستىك ئەللىرىدە يېڭى تەجاۋۇز-
چىلىق ئۇرۇشنى تەييارلاش ئۈچۈن، باج ئېلىش ئۈزلۈكسىز
كېڭەيتىلىدۇ، ژىغىپ ئېلىنغان باجنىڭ مۇتلەق كوپچۇلۇك قىسمى
ھەربى تەييارلىقلارنى كېڭەيتىۋرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:
ئاقش دا 1953_1954_ ژىللىق دولەت بيۇدژېتىدە ھەربى خاراكتېر-
لىك چىقىملار ئۇمۇمى بيۇدژېتىنىڭ 83%دىنى تەشكىل قىلىدۇ.
1953 ـ ژىلى ئاقش دولەت بيۇدژېتىنىڭ كىرىمدە باج پۇلى
ھەر بىر ئاقش ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 481 ئامېرىكا
دوللىرىدىن چۈشكەن. بۇنداق ئېغىر باج سېلىقى بىلەن ئېكس-
پىلۇئاتاتسىيە قىلىنغان ئەمگەكچى خەلق ئوي ئىجارە ھەققىنى
تولىيالمايدۇ، ئوزۇق ـ تۇلۇك ۋە كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالالماي-
دۇ، كېسەل بولسا داۋالىنىشقىمۇ پۇلسىز قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن كاپىتالىستىك دولەتلەرنىڭ باج ئېلىش سىياستى ئەم-
گەكچى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە تامامەن زىتدۇر.

كونا جۇڭگودا، جاڭكەيشى گومىندىڭى خەلققە قارشى ئىچ-
كى ئۇرۇش ژۈرگۈزۈش ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنى شىلىشنى
جىددىلەشتۇردى. دېخانچىلىق باج ھېساۋىغا ئالغان ھەققى

نەرسىلىرىنى مىسالغا ئالغاندا، 1946 ـ يىلدا 59 مىلليون دەن نەرسە يىغىپ ئالدى، 1947 ـ يىلدا بۇنىڭغا قارىغاندا 1 ھەسسە دىگىدەك ئارتۇق يىغىپ ئالدى، ئوتتۇراھېساپ بىلەن ھەر ئادەمگە 4 كۇرىدىن ئارتۇق توغرى كېلىدۇ، ئەگەر بۇنىڭ ئۈستىگە رايون ۋە يېزىلاردىكى باۋجاڭ، جاجاڭلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سالغان سېلىقلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك باج يىغىقۇچى كادىرلارنىڭ ئىككى ئوتتۇرىدا قىلغان خىيانەتلىرىنى قوشساق، خەلقنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ھەقىقى سېلىق بۇ ساندىن كوپ ئېشىپ كېتىدۇ. ئۈزۈلمەتلىك يىللاردا تۈرلۈك ئالۋاڭ ـ ياساق ۋە باجلارنىڭ سانىغا يېتىپ بولمايتتى. خەلق يېزىدىن بىر كۈرە گۈرۈچنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ساتىدىغان بولسا، ئۇ، ئۇنىڭدىن كىرىش (بازارغا سېلىش) بېجى ئېلىناتتى؛ بىر ئاز رەخ سېتىپ ئېلىپ كىيىم تىكتۈرمەكچى بولسىمۇ ئۇنىڭدىن چىقىش بېجى ئېلىناتتى. جېجاڭ ئولكىسىنىڭ شاۋشىڭ ناھىيىسىدە قانۇنسىز سېلىق قاتارىدا ئېلىنىدىغان باجلارنىڭ تۈرى (نامى) 260 ـ 270 تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانۇندا بەلگىلەنگەنلىرى قوشۇلسا ھەممىسى 300 دىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇنداق خەلقنى قاخشىتىپ ئېلىنغان باجنىڭ 80% ى، خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ھەربى راسخودى ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، قالغان قىسمى 4 چوڭ ئائىلىنىڭ يانچۇغىغا چۈشەتتى ۋە كوپلىگەن پارىخور ئەمەلدارلار، ژاندارملار ۋە جاسۇسلارنى بېقىش

www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن كېتەتتى. جاڭ كەيشى گومىندىڭنىڭ تۈرلۈك ئالۋاڭ ـ
ياساق ۋە باج بىلەن قاتتىق شىلىشى نەتىجىسىدە خەلق كەمبە ـ
غەللىشىپ، خانىۋەيران بولۇپ تىرىكچىلىك قىلىشقا چارىسىز
قالدى.

يېڭى جۇڭگودا، ئەھۋال بۇنىڭغا پەقەت ئوخشىمايدۇ. بىز ـ
نىڭ دولىتىمىز خەلق دولىتى بولۇپ، بىزدىكى باج تۈزۈمىمۇ
خەلق مەنپەتىنى كوزدە تۇتقان باج تۈزۈمىدۇر. دولىتىمىز
خەلق قولىدىن ئالغان باج پۇللىرىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش
ۋە مەملىكەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي
تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىدۇ. قىسقىچە ئېيتقاندا «خەلق ـ
تىن ئالىدۇ، خەلققە ئىشلىتىدۇ» بۇ كاپىتالىستىك دولەتلەر ۋە
جاڭ كەيشى گومىندىڭنىڭ باج سىياسىتىگە تۈپ ئاساسىدىن
ئوخشىمايدۇ.

بەش ژىلدىن بۇيان دولەتنىڭ مالىيە چىقىمىدا ئىقتى ـ
سادىي قۇرۇلۇش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەت ـ
لىرىگە تۇتۇلغان راسخودلار ژىلدىن ـ ژىلغا ئېشىپ تۇردى،
مەسىلەن: 1954 ـ ژىلدا دولەت بيۇدژېتىدە ئىقتىسادىي قۇرۇ ـ
لۇش ئۈچۈن چىقىرىلغان راسخود 1950 ـ ژىلدىكىنىڭ 6،5
ھەسسىسىگە توغرى كېلىدۇ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ساقلىقنى
ساقلاش ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن چىقىرىل ـ
غان راسخود 1950 ـ ژىلدىكىنىڭ 4،9 ھەسسىسىگە توغرى كې ـ

لىدۇ. مانا بۇ دولىتىمىزدە باجنىڭ خەلىق قولىدىن ئېلىنىپ
خەلققە ئىشلىتىلىدىغانلىغىنى كورسۇتۇدۇ.

خەلقىمىز شۇنى بىلىدىكى، دولىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇش ئىشلىرى قانچە رىۋاجلانسا، خەلقنىڭ ماددى ۋە
مەدەنى تۇرمۇش دەرىجىسى شۇنچە ژۇقۇرى كوتۇرۇلۇدۇ؛ مەم-
لىكىتىمىزنىڭ مۇداپىيە قابىلىيىتى قانچىلىق كۇچلۇك بولسا،
بىزنىڭ خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىمىز شۇنچە ھىمايە قىلى-
نىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، كەڭ خەلىق ئاممىسى باج تولەشنى
ئوزلىرىنىڭ يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىگىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى
دەپ قارايدۇ. دولەت كارخانىلىرى ۋە كوئوپېراتىۋلاردىكى
ئىشچىلار ھەممىسىمۇ دولەت تاپشۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ۋەزى-
پىسى ھەم مەھسۇلاتلارنى سېتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ ۋە
ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ باج پۇلى ۋە پايدىنى مۇۋەپپىقىيەت بىلەن
تولەشكە كاپالەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كەڭ دىخانلار غەل-
لە ـ پاراق تاپشۇرۇشنى شەرەپلىك پاراق تاپشۇرۇش دەپ
قاراپ «سۇپىتىگە، سانىغا، مۇددىتىگە كاپالەت بېرىش» دىگەن
جاراڭلىق شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا ئاتىدۇ، ئورغۇنلىغان يېزا ئىگى-
لىك ئىشلەپچىقىرىش كوئوپېراتىۋلىرى يەنە ئوز ـ ئارا مۇسابى-
قە ژۇرگۇزۇپ، ئەڭ ياخشى ئاشلىقلىرىنى دولەتكە تاپشۇرۇشقا
تىرىشىدۇ. بۇ فاكتلارنىڭ ھەممىسى، دولىتىمىزنىڭ مۇتلەق
كوپچۇلۇك گراژدانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە باج تولەشنى ئوزلى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى دەپ قارايدىغانلىغىنى كۆرسىتىدۇ.

لېكىن بەزى ئادەملەر، گىراژدانلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايدۇ، ئۇلار باجنى ئوغۇرلايدۇ، چالا تولەيدۇ ... دۆلەت مەنپەئەتىگە قاتتىق زىيان يەتكۈزىدۇ، بىز مانا بۇنداق قانۇنغا خىلاپ ھادىسىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز شەرت.

## IV

## ۋەتەننى قوغداش ۋە قانۇنغا بىنائەن ھەربىي خىزمەت ئۆتەش

دۆلىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسىدە: «ۋەتەننى قوغداش جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنىڭ ھەربىر گىراژدىنىنىڭ مۇقەددەس بۇرۇچىدۇر. قانۇنغا بىنائەن ھەربىي خىزمەت ئۆتەش جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسى گىراژدانلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىدۇر» دەپ بەلگىلەنگەن.

ھەممىگە مەلۇم، بىزنىڭدەك مۇنداق ئۇلۇغ خەلق دۆلىتىنى قۇرۇش ناھايىتى تەسدۇر. خەلقىمىز يۈز نەچچە يىل قان تۆكۈپ كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جاڭكەيشى گومىندىڭىنىڭ رىياكسىيون ھۆكۈمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا خەلق رېسپۇبلىكىسىنى قۇردى. جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىنىڭ بىر جەڭ-

چىسى ئوز سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسلىنىپ: «بىزنىڭ يېڭى جۇڭ-گونىڭ قۇرۇلۇشى ئاسان بولدىما؟ ئۇنىڭ ئۇچۇن قانچىلىك يول-داشلار قېنىنى توكتى، بۇنىڭ سانىغا يېتىش قىيىن، جەنۇپتىن شىمال-غا ھۇجۇم قىلىپ، يەنە شىمالدىن جەنۇپقا ھۇجۇم قىلىپ قانچىلىك يول مېڭىلدى، قانچىلىك جەڭ قىلىندى، ھېسابلاپ چىقىش تەس، تۇرلۇك - تۇرلۇك شەكىلدىكى يەرلەردىن قانچە-لىك ھەربى خەندەكلەر قېزىلدى، ئۇنىمۇ بىلىش قىيىن! بەزى ۋاختىلاردا بىر ئېغىز كىچىككىنە ئوينى تارتىپ ئېلىش ئۇچۇنمۇ جان تالىشىپ ئۇرۇش قىلىنغان، نەچچە مىتىر يەر ئۇچۇنمۇ قان توكۇلگەن. تاھازىرغىچە، قانچە ئادەمنىڭ گوش ۋە قېنى ئىچىدە ئاق ش ئوقى ياتقان بولماي؟، يېڭى جۇڭگونى بىز بىر پارچە گوش ۋە بىر بولۇم قېنىمىزغا تىگىشىپ ئالدۇق» دەيدۇ. خەل-قىمىزنىڭ غالىبىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۇچۇن گوش ۋە قېنى-مىزغا تىگىشىپ ئالغان ئىنقىلاپ مىۋىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۇچۇن، شۇنىڭدەك، تېخىمۇ ئىلگىرلەپ بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش يارىتىش، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇش ئۇچۇن، بىز ھەر بىر گراژدان ئوزىمىزنىڭ ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنى قوغدىشىمىز، ئۇ-نىڭغا ھەر قانداق دۇشمەنىنىڭ تەجاۋۇز قىلىشىغا ۋە زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويماسلىغىمىز شەرت.

مەملىكىتىمىز ھازىر تېخى ئىمپېرىيالىزمنىڭ بولۇپمۇ ياۋۇز ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمنىڭ مۇھاسىرىسى ئاستىدا تۇرماقتا. بو-

www.uyghurkitap.com

لۇپمۇ ياۋۇز ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا تە-
جاۋۇزچىلىق گۇرۇھىنى جىددى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ياپونىيىنى
قورالـلاندۇرۇپ، مۇھاسىرە ھالىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇپ،
مەملىكىتىمىزنى مۇھاسىرە قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ؛ ئادەمنى
شۇنىسى تېخىمۇ غەزەپلەندۇرۇدىكى، ئۇ تېخى مەملىكىتىمىزنىڭ
مۇقەددەس تېررىتورىيىسى تەيۋەننى ئوچۇقتىن-ئوچۇق بېسى-
ۋالدى، ھەمدە 1954-يىلى 2-دېكابىردا جاڭكەيشى ۋەتەن
ساتقىنلىرى گۇرۇھى بىلەن تەجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدىكى «بىل-
لىلىشىپ مۇداپىيە كورۇش شەرتنامىسى» دەپ ئاتالمىش شەرت-
نامىنى تۈزدى، تەيۋەننى ئۇزاققىچە ئىشغال قىلىپ تۇرۇپ،
مەملىكىتىمىزنىڭ قورۇقلىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ بازىسى قىلىشقا
ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ۋەتەن ساتقىن ئوغرى جاڭكەيشى ئامېرىكا
ئىمپېرىيالىزمىغا تايىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەرلىرىنى ئۇزلۇك-
سىز بومبىلاپ، تېنچ ئاھالىمىزنى قىرماقتا، ئۇزلۇكسىز پاراكەندە
تۇغدۇرۇش خاراكتېرىدىكى ۋەزىيانكەشلىك ئۇرۇشلىرىنى يۈر-
گۈزمەكتە، مەملىكىتىمىزنىڭ قورۇقلىغا توختاۋسىز جاسۇس،
شپىيون ۋە باندىتلار كىرگۈزۈپ زىيانكەشلىك ھەركەتلىرىنى
يۈرگۈزمەكتە. خەلقىمىز دۈشمەن سۇيىقەستىنىڭ ئەمەلگە
ئېشىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ، بىز تەيۋەننى جەزمەن ئازات
قىلىمىز. بۇنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، بىز ھەر بىر گراژدان ئوزى-
مىزنىڭ ئاداقىلىشقا تېگىشلىك شەرەپلىك ۋەزىپىمىزنى ئادا قى-

لىشىمىز، ئۇلۇق ۋە سويۇملۇك ۋەتىنىمىزنى قوغدىشىمىز، تەيـ
ۋەننى ئازات قىلىش كۈرىشىگە ئاكتىپ قاتنىشىشىمىز لازىم.

خەلقىمىز تولۇپ تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا ئىگىدۇر. بىز
ئوز تېررىتورىيىمىزنى، خەلقىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى ۋە ئورپ ـ
ئادىتىمىزنى قىزغىن سويىمىز. بىز باشقىلارغا تەجاۋۇز قىلمايمىز،
لېكىن باشقىلارنىڭ بىزنىڭ تېررىتورىيىمىز ۋە سۇۋېرېنىن ھوقۇـ
قىمىزغا تەجاۋۇز قىلىشىغىمۇ ئەسلى يول قويمايمىز. 1950 ـ ژىلى
ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى چاۋشەنگە تەجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزـ
غاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئامانلىغىغا قاتتىق تەھدىت سالغاندا، خەلقىمىز
ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى چاۋشەنگە ياردەم
بېرىش ئۇلۇق ھەركىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەڭ ئېزىز پەرـ
زەنتلىرىنى چىقىرىپ، جۇڭگو خەلق پىدايىي قىسىملىرىنى تەشـ
كىل قىلىپ، يالۇجاڭدىن ئوتكۈزۈپ، چاۋشەن خەلق ئارمىيىسى
بىلەن مۇرىگە ـ مۇرە تىرەپ سوقۇشتۇردى، ئامېرىكا تەجاۋۇزـ
چىلىرىنى 38 ـ پاراللېلنىڭ يېنىغا سۈرۈپ تاشلاپ ۋە قاخشاتـ
قۇچ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى 1953 ـ ژىلى چاۋشەن ئۇرۇشىنى توخـ
تۇتۇش كېلىشىمىنى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى، بىز ئامېرىكا ئىمـ
پېرىيالىزمىنىڭ تەجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشەنگە ياردەم بېـ
رىشتە ئۇلۇق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. تېررىتورىيىمىز
تەيۋەننى ئازات قىلىپ، ساتقىن جاڭكەيشى گۇرۇھىنى يوقۇتۇپ
ئاسىيا ۋە جاھان تىنچلىغىنى قوغداش ئۈچۈن، خەلقىمىز پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

دۇنياغا، تەيۋەننى ئازات قىلماي ھەرگىز توختىمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، ھەمدە 1955 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جېجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يىندىكى دېڭىزغا جايلاشقان دېڭىز مۇداپىئەسىنىڭ ئاۋانپوستى ـ يىجاڭسەن، داچېڭ ئارالىرىنى ئازات قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇق غالىبىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ فاكتلار جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچىنى بوزەك قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىگىنى، گراژدانلىرىمىزنىڭ ۋەتەننى قوغداشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرۇچى دەپ قارايدىغانلىقىنى كورسۇتۇدۇ.

ئىمپېرىيالىزم بىلەن كۇرىشىش ئۇزۇن مۇددەتلىكدۇر. ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ ئامانلىقى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنى ئەبەدى قوغداش، ئاسىيا ۋە جاھان تىنچلىقىنى قوغداش ئۇچۇن، دولىتىمىزگە قۇدرەتلىك قوغدىنىش كۇچى، زورۇر بولغان دائىملىق ئەسكىرىي كۈچ ۋە تولۇپ تاشقان ھەم تەلىم ئالغان رېزېرۋ ئەسكىرىي مەنبەلازىم. دولىتىمىزنى يېتەرلىك دائىملىق ئەسكىرىي كۈچ ۋە تولۇپ تاشقان رېزېرۋ ۋەئەسكىرىي مەنبەگە ئىگە قىلىش ئۇچۇن، ھەر بىر خىزمەت مەجبۇرىيىتى تۇزۇمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش زورۇر، گراژدانلىرىمىز ھەربى خىزمەت ئوتەشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاداقىلىشقا تېگىشلىك شەرەپلىك ۋەزىپىسى دەپ قارىشى زورۇر.

ھەربى خىزمەت مەجبۇرىيىتى تۇزۇمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەربى تۇزۇمىدىكى تولۇق بىر ئىسلاھات

بولۇپ ، دولىتىمىزنى دۈشمەنىنىڭ تەجاۋۇزىغا يولۇقۇپ قالغان چاغدا ناھايىتى تېزلا جىق جەڭگىۋار قوشۇنلارنى ئويۇشتۇرۇپ تەجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك دولىتىمىزنىڭ ئارمىيىسىنى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن تېخىمۇ زىچ يېقىن باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. يەنە دولىتىمىزنى ئادەتتىكى چاغلاردا كوپ ساندىكى دايىملىق ئەسكەرتۇتماي، ئۇنى تېگىشلىك سانغىچە قىسقارتىپ، كوپ ساندىكى ماددى كۈچ، مالىيە كۈچى ۋە ئادەم كۈچىنى ئىختىسات قىلىپ، سوتسىيالىستىك تېچ قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭدەك نۇرغۇن ئادەملەرنى جۇڭگو خەلق ئارمىيىسىدەك چوڭ مەكتەپ ئىچىدە سىياسى ئېڭىنى ئوستۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئوگۇنۇش، ھەربى خىزمەتتىن بوشۇغاندىن كېيىن تېچ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئوز كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى تەقدىم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ھەربى خىزمەت مەجبۇرىيىتى تۈزۈمى خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە تامامەن مۇۋاپىقدۇر.

مەمۇرى ئىشلار كېڭەش 1954 ـ ژىل سېنتەبىردە ھەربى سەپنى تولدۇرۇش ئۇچۇن ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇغىنى تارقاتقاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مىڭلىغان تۇمەنلىگەن ياشلار ئاكتىۋلىق بىلەن قوشۇلۇپ ئەسكەرلىككە يېـ

www.uyghurkitap.com

زىلدى. دولىتىمىزنىڭ كونستىتۇتسىيىسى جاكالانغاندىن كېيىن ئورغۇنلىغان ئاد-ملەر دولەت ئورگانلىرىغا خەت يېزىپ ھەربى خىزمەت ئۆتەش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىشنى قىزغىنلىق بىلەن ئىلتىماس قىلدى. مانا بۇلار، مەم-لىكىتىمىزدە خەلقىنىڭ ھەربى خىزمەت ئۆتەشنى ئۆزلىرىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك شەرەپلىك ۋەزىپىلىرى دەپ قارايدىغان-لىغىنى كورسۈتۈدۇ.

1955 - ژىل فېۋرالدا دولەت سوۋېتى «جۇڭخۇا خەلق رېس-پۇبلىكىسىنىڭ ھەربى خىزمەت قانۇنى (تۈزۈتۈلگەن لايىھە)»نى بېسىپ تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ مۇھا-كىمىسىگە قويدى ۋە خەلقتىن پىكىر ژىغدى. ھەربى خىزمەت قانۇنىنىڭ لايىھەسىدە دولىتىمىزنىڭ گراژدانلىرى مىللەت، ئىر-رىق، كەسىپ، ئىجتىمائى چىقىش، دىنى ئېتىقات ۋە مەدىنىيەت دەرىجىسىنى ئايرىماستىن ھەممىسى قانۇن بويىچە ھەربى خىز-مەت ئۆتىشى شەرت دەپ بەلگىلەنگەن. ھەربى خىزمەت ھازىرقى ھەربى خىزمەت ۋە رىزىېرۋ خىزمىتى دەپ ئىككىگە بولۇنگەن. ھەربى خىزمەت ئۆتەش يېشى 18 ياشتىن 40 ياشقىچە دەپ بەلگىلەنگەن، خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى ئارمىيىنىڭ تۈ-رىگە قاراپ باشقا - باشقا يەنى 3 ژىل، 4 ژىل، 5 ژىل دەپ بەلگىلەنگەن. مانا بۇ ھال، مەملىكىتىمىزنىڭ مۇۋاپىق يېشىدى-كى گراژدانلىرىنى ۋەتەننى قوغداشقا خەلق مەنپەتىنى قوغ-

داشقا قاتنىششتا شەرەپلىك ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە قىلدى.

بىزنىڭ دولىتىمىز ـ خەلق دولىتى، بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىز-
نىڭ مىۋىلىرى قان توكۈپ كۈرەش قىلىش بىلەن قولغا كەل-
تۈرۈلگەن بولۇپ، بىز دۈشمەنىنىڭ بىرغىرىچ يېرىمىزگە تەجا-
ۋۇز قىلىشىغا ئەسلا يول قويمايمىز ، ئەگەر دۈشمەن تەجاۋۇز
قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىكەن، خەلقىمىز ئۇلۇق ۋەتىنىنى جەز-
مەن قوغدايدۇ، ئۇزلىرىنىڭ نوۋەتتىكى مەنپەتلىرى ۋە ئۇ-
زاق كەلگۈسىدىكى مەنپەتلىرىنى قوغدايدۇ ، تەجاۋۇزچىلار-
نىڭ سۈيىقەستلىرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل تار-مار قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىتاپ نومىرى: 773(4)167

# گراژدانلىرىمىزنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى ۋە ۋەزىپىلىرى

ئاممىباپ كىتاپلار نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن

تەرجىمە قىلغۇچىلار : رەقىپ سەيپى، ھامۇت خوجايېۋ

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 - قورا.

بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ كىتاپ - ژۇرنال
نەشرىياتچىلىقى ئۈچۈن بەرگەن رۇخسەت قەغىزى نومىرى: «047 - H»

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1956-ژىلى سېنتەبىردە بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1956 - ژىلى سېنتەبىردە بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

تىرازى: 1-8000، باھاسى 16 فۇڭ.

書號:773(4)167

**我國公民的基本权利和义務**

（維吾尔文）

通俗讀物出版社編

民族出版社翻譯出版

地址：北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷廠印刷

新華書店發行

---

1956年9月北京第一版

1956年9月北京第一次印刷

787粍×1092粍1/32　印張4$\frac{3}{16}$

印數:1—8,000冊　定價:一角六分

統一書號：MT6049・維13